# ساقلىنىشقا تېگىشلىك سەل قارىلىۋاتقان

# گۇناھلار

ئاپتورى: مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

# ساقلىنىشقا تېگىشلىك سىر قارىلىشۋاتقان

# گۇناھلار

تەرجىمە قىلغۇچى: ھېيتاخۇن مەمتىمىن

**بۇ كىتاب سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ رىيازدىكى «دارۇلۋەتەن» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، 1994 ـ يىلى 2 ـ قېتىملىق باسما نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.**

ئۇدۇن نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

# مۇندەرىجە

تەرجىماندىن ..................................6
بېغىشلىما ..................................8
كىرىش سۆز ..................................9
ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش..................................20
قەبرىلەرگە چوقۇنۇش..................................21
تائەت ـ ئىبادەتتە رىياگەرلىك ، كۆز كۆز قىلىش ..........31
شۇم پال ئېلىش ..................................32
ئاللاھنىڭ غەيرى بىلەن قەسەم ئىچىش..................35
ئۇلپەتلىشىش ياكى يېقىملىق ھىس قىلغانلىق يۈزىسىدىن
مۇناپىقلار ۋە پاسىقلار بىلەن ئولتۇرۇپ ـ قوپۇش ..........38
نامازدا تەئدىل ئەركانىنى تەرك ئېتىش..................39
نامازدا بىھۇدىلىك قىلىش ۋە تولا مىدىرلاش................41
ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ نامازدا قەستەن ئىمامنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ
كېتىشى ..................................42
پىياز ، سامساق ياكى سېسىق پۇراقلىق نەرسىنى يېگەن
كىشىنىڭ مەسجىدكە كىلىشى..................45

زىناخورلۇق..........................47
بەچچىۋازلىق..........................50
ئايالنىڭ شەرئى بىر باھانىسى يوق ھالدا ئېرىنىڭ ياتىقىدىن يۈز ئۆرىشى..........................51
ئايالنىڭ شەرئى بىر سەۋەپ بولمىغان ئەھۋالدا، ئېرىدىن سۆزىنى بىرىشنى تەلەپ قىلىشى..........................52
زىھار قىلىش..........................54
ھەيىز مەزگىلىدە ئايالى بىلەن جىنسى ئالاقە قىلىش..........55
ئايالنىڭ ئارقىسىغا يېقىن كىلىش..........................56
ئايالىرى ئارىسىدا ئادىل بولماسلىق..........................58
يات ئايال بىلەن پىنھان يەردە يالغۇز قېلىش..............59
يات ئايال بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش..................60
ئاياللارنىڭ ئەرلەرنىڭ يېنىغا چىققاندا ۋە ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ئەتىر بىلەن خۇشپۇراق ئىشلىتىشى ..............62
ئايال كىشىنىڭ مەھرەمسىز ھالدا سەپەرگە چىقىشى.........64
يات ئايالغا تىكىلىپ قاراش..........................65
دەيۈزلىك قىلىش..........................66

بالىنىڭ ئاتىسىدىن باشقا بىرىگە يالغاندىن مەنسۇپ بولۇۋېلىشى
ۋە كىشىنىڭ بالىسىدىن تېنىشى ..................67

جازانە (ئۆسۈم) يېيىش ........................69

ساتقاندا تاۋارنىڭ ئەيىپىنى يېپىش ۋە ئۇنىڭ قۇسۇرىنى
يوشۇرۇش ..............................73

يالغان خېرىدارلىق قىلىش سودىسى..............75

جۇمە كۈنىدە ئىككىنچى ئەزاندىن كېيىن(جۇمە ـ گە بارماي )
ئېلىم ـ سېتىم بىلەن مەشغۇل بولۇش ............76

قىمار ئويناش ..............................77

ئوغۇرلۇق قىلىش ............................79

پار ئېلىش ۋە پار بىرىش.......................82

بىراۋنىڭ يەر ـ زېمىنىنى ئىگەللىۋېلىش ............83

قوللاش شەرتى بىلەن ھەدىيە (سوغات) ئېلىش..........84

ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ ئىش ھەققىنى بەرمەسلىك ........87

باللىرىغا نەرسە كېرەك بىرىشتە ئادىل بولماسلىق.........89

ئېھتىياجى يوق تۇرۇپ پۇل ـ مال سوراش (تىلەمچىلىك قىلىش)
92........................................

قەرز ئېلىپ ئۇنى قايتۇرۇشقا ياناشماسلىق ...............93

هارام يول بىلەن پۇل تېپىش...........................95

بىرەر تامچە مىقتارىچىلىك بولغان تەقدىردىمۇ هاراق ئىچىش .96

ئالتۇن، كۆمۈش قاچىلارنى ئىشلىتىش ۋە ئۇلاردا يەپ ئىچىش .100

يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ...........................101

غەيۋەت(بىراۋنىڭ يامان گېپىنى) قىلىش ...............103

چېقىمچىلىق، سۇخەنچىلىك قىلىش .......................105

ئىجازەتسىز هالدا كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كۆز تاشلاش......106

ئىككىيلەننىڭ ئۇچىنچى كىشىنى ئايرىپ قويۇپ پىچىرلىشىشى
.........................................108

كىيىمنى ئۇزارتىۋېلىش ...........................108

ئەرلەرنىڭ قايسى شەكىلدە بولمىسۇن ئالتۇن بىلەن زىننەتلىنىشى
.........................................110

ئاياللارنىڭ قىسقا، نېپىز ۋە تار كىيىم كىيىشى ............111

ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئىنسان ياكى باشقا نەرسىگە مەنسۇپ چاچنى
سېلىۋېلىشى ...........................113

كىيىنىش، سۆزلەش ۋە شەكىلدە ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا، ئاياللارنىڭ
ئەرلەرگە ئوخشىۋېلىشى...........................114

چاچنى قارا بوياش ...........................116

كىيىم ـ كىچەك، تام ۋە قەغەز قاتارلىقلاردەك نەرسىلەرگە جانلىقنىڭ رەسىمىنى سىزىش.........................117

چۈش ھەققىدە يالغان ئېيتىش.........................120

قەبرە ئۈستىدە ئولتۇرۇش، ئۇنىڭغا دەسسەش ۋە قەبرىستانلىقتا ھاجەت ئادا قىلىش.................................121

سۈيدۈكتىن پاكىزلانماسلىق.........................122

قەۋىم ياقتۇرمىغان ھالدا ئۇلارنىڭ سۆزىنى بىر تىڭشاش....124

خۇلۇم ـ خوشنىغا يامانلىق قىلىش.........................125

ۋەسىيەت قىلىشتا ئادالەتسىزلىك قىلىش ................127

قارىت ئويناش ........................................128

مۆئمىننى ۋە باشقا قارغاشقا مۇناسىپ بولمايدىغانلارنى قارغاش
129..........................................

(ئۆلۈكنىڭ ئارقىسىدىن) چالۋاقاپ چوقان كۆتۈرۈش ..........130

يۈزىگە ئۇرۇش ۋە بەلگە قويۇش ........................131

شەرئى بىر سەۋەپ يوق تۇرۇپ مۇسۇلماننى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىۋېتىش .........................................132

# تەرجىماندىن

جىمى ئالەمنىڭ رەببى ئاللاھقا چەكسىز مەدھىيەلەر بولسۇن! ئىنسانىيەتكە ئاللاھنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەھيى قۇرئان كەرىمنى يەتكۈزۈش شەرىپىگە نائىل بولغان سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭغان بارچە ئىمانداشلارغا سالام بولسۇن!

قولىڭىزدىكى بۇ ئەسەر سەئۇدى ئەرەبىستانلىق ئۆلىما مۇھەممەت سالىھ ئەلمۇنەججىد تەرىپىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ ئەينى ۋاقىتتىكى سەئۇدى ئەرەبىستان باش مۇفتىسى ئابدۇلئەزىز ئابدۇللاھ بىننى باز تەرىپىدىن ئالاھىدە ئالقىشقا ئېرىشىپ بېغىشلىما يېزىلغان ئىكەن.ساقلىنىشقا تېگىشلىك كىشىلەر سەل قاراۋاتقان گۇناھلار دەپ تەرجىمە بېرىلگەن بۇ ئەسەردە سىز كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسى ئاددى ئىش دەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان نۇرغۇن گۇناھ ئىشلارنى ئايەت ۋە ھەدىس ئەندىزىسى بويىچە يېڭىدىن كۆزدىن كەچۈرۈپ ناۋادا ئۆزىڭىزدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر بولسا تۈزىتىۋېلىش ئارقىلىق تەقۋادار بەندىلەردىن بولۇپ قېلىشىڭىزغا مۇھىم تۈرتكە بولغۇسى دەپ ئويلايمەن.

گەرچە بۇ ئەسەرنى بۇندىن ئون نەچچە يىللار بۇرۇن تەرجىمە قىلىپ ساقلاپ كەلگەن بولساممۇ ئىمكانىيەت يار بەرمىگەن ئىدى. يۈتۈپ كەتمەي قالغان قولىيازما ماتىرىياللىرىم ئىچىدىن رەتلەپ چىقىپ

كەڭ كىتاپخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشكە ئەمدى نېسىپ بولدى.

خوتەن مەدرىسلىرىدە ئىشتىياق بىلەن ھەۋەس قىلىپ كەلگەن ئارمانلىرىم تۈرتكىسىدە خالىسانىلىق ئاساسىدا تەرجىمە قىلىنغان بۇ ئەسەردە سەۋىيەمنىڭ چەكلىك بولۇشى سەۋەپلىك كۆرۈلگەن نوقسانلارنى يوق دېگىلى بولمايدۇ، ھەممىمىز بىردەك رىزاسىنى ئىزدەۋاتقان ئىگىمىز ئاللاھتىن تەقسىراتلىرىمغا ئەپۇ سوراش بىلەن بىللە ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدى پىكىرلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن قوبۇل قىلىمەن.

كامالى ئېھتىرام بىلەن ھېيتاخۇن مەمتىمىن
2017- يىلى 9.يانۋار / خېلسىنكى - فىنلاندىيە
heytahun@hotmail.fi

# بېغىشلىما

ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن. پۈتكۈل مەدھىيە، ئالقىش ۋە ھەمدۇ-سانا ئاللاھقا مەنسۇپتۇر. ئۇنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە يولىغا ئەگىشىپ ماڭغانلارغا ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالادىن مېھىر - شەپقەت ۋە ئامان ئىسەنلىك تىلەيمەن.

مۇھەممەد بىننى سالىھ ئەلمۇنەججىد تۈزگەن « ساقلىنىشقا تېگىشلىك كىشلەر سەل قاراۋاتقان گۇناھلار » ناملىق كىتابنى كۆرۈپ چىقىپ تولىمۇ پايدىلىق، يۇقرى قىممەتكە ئىگە بىر ئەسەر ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئاپتۇر بۇ ئەسىرىنى ئىنتايىن نەپىس ۋە ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەزىندە تۈزۈپتۇ. ئاللاھ رەھمەت قىلغاي!.

مەنپەئەتلىك بىلىم، ياخشى ئەمەل ــ ئىبادەتكە مۇشەررەپ قىلغاي!

شۇنداقلا بۇ كىتابى ۋە باشقا ئەسەرلىرىدىن مۇسۇلمان ئاممىسىنى پايدىلىنىشقا نىسىپ قىلغاي! ئۇ ئاللاھ بەكمۇ سېخى ۋە كەرەملىكتۇر. ئاپتۇرنىڭ كۈچلۈك تەلۋىگە ئاساسەن تەھرىرگە ئېلىندى. ئاخىردا ئاللاھتىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمگە، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىغا مېھىر -شەپقەت تىلەيمەن.

ئابدۇلئەزىز بىننى ئابدۇللاھ ئىبنى باز.

(سەئۇدى ئەرەبىستان باش مۇپتىسى، ئالىي دەرىجىلىك ئۆلىمالار ھەيئىتى ۋە ئىلمى تەتقىقات، پەتۋا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ رەئىسى.)

# كىرىش سۆز

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن.

بارلىق مەدھىيە ئاللاھقا مەنسۇپ، ئۇنى كۈيلەيمىز، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيمىز ۋە ئەپۇ سورايمىز، شۇنداقلا ناچار قىلمىشلىرىمىز، يامان نەپسىمىزدىن ئاللاھقا يىلىنىمىز. ئاللاھ يېتەكلىگەن كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ، ئاللاھ ئازغۇنلۇقتا تاشلاپ قويغان كىشىنى ھېچكىم توغرا يولغا ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. يەككە-يىگانە،تەڭداشسىز ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ھەقىقى ئىلاھ يوق ئىكەنلىكى، شۇنداقلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى- قۇلى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق ئېيتىمەن.

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا نۇرغۇن پەرىزلەرنى بېكىتىپ، چەكلىمىلەرنى قويدى، ئۇلارنى بۇزۇشقا، چەتنەپ كېتىشكە بولمايدۇ. كۆپلىگەن نەرسىلەرنى ھارام قىلدى، خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى:«ئاللاھ تەئالا كىتابى (قۇرئان-كەرىم) دە ھالال دەپ بەلگۈ-لىگەن نەرسە ھالال، ھارام دەپ بەلگۈلىگەن نەرسە ھارامدۇر. ئۇ سۈكۈت قىلغان ئىش كەڭچىلىكتۇر، ئاللاھتىن بۇ كەڭچىلىكنى قارشى ئېلىڭلار! ھەقىقەتەن ئاللاھ ئۇنۇتقىنى يوق» [ھاكىم رىۋايەت

قىلغان] ئاخىرىدا بۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى: «پەرۋەردىگارىڭ ھېچنەرسىنى ئۇنۇتمايدۇ.» [سۈرە مەريەم. 64]

ھارام دەپ بەلگۈلەنگەن (ئىددىيە، سۆز ۋە ئىش ھەركەت) ئاللاھنىڭ چەكلىملىرى ھىساپلىنىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەپ تەلىم بەرگەن ئىدى: « ئەنە شۇلار ئاللاھ بەلگىلىگەن چېگرالاردۇر، (يەنى مەنئى قىلىنغان ئىشلاردۇر) ئۇنىڭغا يېقىنلاشماڭلار! » [سۈرە بەقەرە 187-ئايەت]

ئۇلۇغ ئاللاھ، چەكلىملەرگە خىلاپلىق قىلغان، ھارام قىلمىشلارنى ئىشلىگەن كىشىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بىرىپ مۇنداق دىگەن: « كىمكى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئاللاھنىڭ چەكلىملىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كىتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ. ئۇ دوزاختا مەڭگۇ قالىدۇ. خورلىغۇچى ئازاپقا دۇچار بولىدۇ.» [نىسا .14]

ھارام قىلىنغان ئىشلاردىن ساقلىنىش بەكمۇ زۆرۈر. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقان ئىدى: «مەن توسقانلىكى نەرسىدىن قەتئى ساقلىنىڭلار! مەن بۇيرىغانلىكى ئىشلارنى قۇربىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە قىلىڭلار! [مۇسلىم]

كۆزگە تولا چېلىقىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى شۇكى، قىسمەن ھىسياتقا بىرىلگەن، ئىرادىسىز، قالاق كىشىلەر ھارام ئىش-ھەركەتلەرنىڭ گېپىنى ئاڭلىسا رەنجىپ كايىپ قالىدۇ- دە، «ھەممە

نەرسە گۇناھمۇ؟ بارچىنى گۇناھ دەۋېرىسلەر، بىزنى بىئارام قىلىپ، تۇرمۇشىمىزنى تارلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىسلەر؟ سىلەرنىڭچە ھەممە نەرسە گۇناھ، چەكلەنگەن. ھالبۇكى ئىسلام دىنى ئوڭايلىق دىنى، يول كەڭ قويۇۋېتىلگەن، ئاللاھ ئەپۇچان ۋە شەپقەتلىكتۇر.» دەپ بىلجىر-لىشىدۇ. ئۇلارغا ئېيتىمىزكى: «ئاللاھ جەللەجەلالۇھۇ خالىغىنىنى ھۆكۈم قىلىدۇ. ھېچبىرى ئۇنىڭ ھۆكمىگە قارشى چىقىپ تەتۈرىسىنى ئىلگىرى سۈرەلمەيدۇ. ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن تولۇق خەۋەردار زات بولۇپ، خالىغان نەرسىنى ھالال ۋە خالىغىنىنى ھارام دەپ بەلگىلەيدۇ. بىزنىڭ بەندىلىك بۇرچىمىز، ئۇنىڭ چىقارغان ھۆكمىگە قايىل بولۇپ، ئاڭلىق باش ئېگىشتۇر.

ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرى ئۆز ئىلمى، ھېكمىتى ۋە ئادالىتى قاتارلىقلاردىن مەيدانغا كەلگەن بولغاچقا، بىھۇدە ئويۇن ئەمەس. مەسىلەن: ئاللاھ مۇنداق دېگەن ئىدى: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ سۆزى ناھايىتى راستتۇر، ناھايىتى توغرىدۇر. ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ھېچ كىشى يوقتۇر. ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ سۆزىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» [سۈرە ئەنئام .115]

ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە بىزگە ھالال-ھارامنىڭ يادرولۇق فورمىلىسىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ. «ئۇ (مۇھەممەد مېنىڭ يولىيۇرۇقۇم بويىچە) ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك (پاسكىنا) نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ.» [ئەئراف .157]

دېمەك پاك شەيئىلەر ھالال، ناپاك شەيئىلەر ھارامدۇر. ھارام ۋە ھالال دەپ بېكىتىش يالغۇز ئاللاھنىڭ ھوقۇقى بولۇپ، كىمدە كىم ئۇنى ئۆزىگە مەنسۇپ قىلسا،ياكى ئاللاھتىن باشقا بىرىگە يۈكلىسە، كاپىر بولۇپ كېتىپ ئىسلام دىنىدىن ئالاقىسى ئۈزىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئۇلارنىڭ ئاللاھ رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن ئىلاھلىرى بارمۇ؟» [شۇرا. 21]

قۇرئان-كەرىم ۋە ھەدىسى رەسۇلۇللاھنى تولۇق ئۆزلەشتۈرگەن ئەھلى ئىلىملەردىن باشقا ھېچكىمنىڭ ھالال ۋە ھارام ھەققىدە (ئۆز خاھىشى بويىچە) كولدۇرلىشى توغرا ئەمەس، مەلۇماتى يوق تۇرۇقلۇق ھالال-ھارام دەپ ھۆكۈم كىسىشكە ئۇرۇنغانلارنى ئاللاھ مۇنداق دەپ قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان:

«ئاغزىڭلارغا كەلگەن يالغاننى سۆزلەش ئۈچۈن (ھېچقانداق دەلىلسىز) ‹بۇ ھالال، بۇ ھارام› دېمەڭلار، چۈنكى (مۇنداقتا) ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغان بولىسىلەر.» [نەھلى. 116]

كەسكىن ھارام قىلىنغان نەرسىلەر، قۇرئان-كەرىمدە تىلغا ئېلىنغاندۇر. مەسىلەن ئاللاھ مۇنداق دەپ ئېيتقان:«ئېيتقىنكى، سىلەر كىلىپ (ئاڭلاڭلار) ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەرنى سىلەرگە ئوقۇپ بىرەي. سىلەر ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شىرىك كەلتۈرمەڭلار. ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار. نامراتلىقتىن قورقۇپ پەرزەنتلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار!» [ئەنئام. 151]

شۇنداقلا ھەدىستىمۇ كۆپلىگەن ھارام نەرسىلەر تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقان ئىدى. «چوقۇمكى ئاللاھ ھاراق، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، چوشقا ۋەبۇت-ھەيكەللەرنى سېتىشنى ھارام قىلدى». [ئەبۇ داۋۇد] يەنە بىر ھەدىستە شۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى ئاللاھ بىر نەرسىنى ھارام دەپ بېكىتسە ئۇنىڭ (سېتىلغان) پۇلىسىنىمۇ ھارام قىلغان.» [دارىقۇتنى]

بەزى نەس(ئوچۇق بايان)لاردا، مەلۇم تۈردىكى نەرسىلەر ئاللاھىدە تىلغا ئېلىنىپ چەكلەنمەكتە. مەسىلەن ئېلىپ ئېيتساق، تۆۋەندىكى ئايەتتە يەيدىغان نەرسىلەر ئىچىدىن ھارام قىلىنغانلىرىنى كۆرىمىز. «سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان، چوشقا گۆشى، ئاللاھتىن غەيرىنىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، (ئېگىزدىن) يىقىلىپ ئۆلگەن ھايۋان، (ھايۋانلار تەرىپىدىن) ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، يىرتقۇچ ھايۋانلار يېرىپ ئۆلتۈرۈپ يېگەن ھايۋان (نىڭ گۆشىنى يېيىش) ھارام قىلىندى. لېكىن (يۇقارقى بەش تۈرلۈك ھايۋاندىن جېنى چىقمىغان چاغدا) بوغۇزلىغانلىرىڭلار ھالال بولىدۇ. ھەمدە بۇتلارغا ئېلىپ بېرىلىپ ئۇنىڭ يېنىدا بوغۇزلانغان ھايۋانلار ھارام قىلىندى. ئەزلام (يەنى جاھىلىيەت دەۋرىدە پال ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۈچ پارچە ياغاچ) بىلەن پال سېلىشىڭلار ھارام قىلىندى.» [مائىدە. 3]

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا نىكاھلىنىش ھارام بولغان شە-

خسلەرنى مۇنداق تىلغا ئالماقتا: «سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىـڭلارنى،ھەمشىرىلىرىڭلارنى،ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى،ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، قېرىنداشىڭلارنىڭ قىزلىرىنى، ھەمشىرەڭلارنىڭ قىزلىرىنى، سۈت ئانىلىرىڭلارنى، ئېمىلداش ھەمشىرىلىرىڭلارنى، قېيىن ئاناڭلارنى، سىلەر بىر يەردە بولغان ئاياللىرىڭلارنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) ئۆيۈڭلاردا تەربىيەلەنگەن قىزلىرىنى (بۇ شەرت ئەمەس، ئۆيدە تەربىيەلەنمىگەن بولسىمۇ) ئېلىش ھارام قىلىندى.» [نىسا. 23]

شۇنداقلا سودا سېتىق ئىچىدە ھارام قىلىنغانلىرىنى مۇنداق دەپ تونۇشتۇردى: «ئاللاھ سودا-سېتىقنى ھالال قىلدى، جازانىنى ھارام قىلدى.» [بەقەرە. 275]

كىسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، بەندىلەرگە مېھرىبان ئاللاھ بىزگە ساناپ تۈگەتكۈسىز، خىلمۇ-خىل ئوزۇقلۇقلارنى ھالال قىلدى. مۇباھ بولغانلىرىنىڭ سانىنى ئېلىش ئىمكانىيەتسىز بولغاچقا، ئۇلارنى كونكرت بايان قىلماي، ساقلىنىش يۈزىسىدىن ئوقۇۋېلىشىمىز ئۈچۈن پەقەت سانى ئاز بولغان ھارام نەرسىلەرنى تەپسىلى ئۇقتۇرۇپ قويىدى ۋە مۇنداق دىدى: «زۆرۆرىيەت بولمىغىچە يىيىش ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى ئاللاھ سىلەرگە ئوچۇق بايان قىلغان تۇرسا...» [ئەنئام. 119]

ھالال نەرسىلەرنى پاكىز بولسىلا يىيىش رۇخسەت دەپ، ئابستراكت شەكىلدە كۆرستىپ ئۆتتى ۋە مۇنداق دىدى: «ئى

ئىنسانلار! يەر يۈزىدىكى ھالال پاكىز نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار، چۈنكى شەيتان سىلەرگە ئوچۇق دۈشمەندۇر.» [بەقەر. 167]

ئاللاھ كۆيىنىپ،مۇباھلىقنى شەيئىلەرنىڭ ئەسلى ماھىيتىدە ئورۇنلاشتۇردى. بۇنۇڭغا ھارام دىگەن نام بىرىلمىگەن تەقدىردە مۇباھ ھىساپلىنىدۇ. ئۇ بولسا ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلانىڭ بەندىلەرگە قىلغان كەڭچىلىكى ۋە مېھرىبانلىقىدىن دىرەك بىرىدۇ. ئۇنداق ئىكەن بىزنىڭ بۇرچىمىز ئۇنۇڭغا ئىتائەت قىلىش، ھەمدۇ-سانا ئېيتىپ مەدھىيلەش ۋە شۈكۈر قىلىشتۇر.

قىسمەن بەزى كىشىلەر كونكرت ئوتتۇرغا قويۇلغان ھاراملارنى ئاڭلايدىغان بولسا ئىچى پۇشۇپ، شەرىئەت ئەھكاملىرىغا قارىتا ئوغىسى قايناپ قالىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ياخشى ئۆزلەشتۈرەلمىگەنلىكى ۋە ئىمانىنىڭ ئاجىزلىقىدىن شۇنداق بولغان. قاراڭ! ئىسلامنىڭ ئۆڭاي دىن ئىكەنلىكىگە قايىل قىلىش ئۈچۈن، ھالالنىڭ تۈرلىرىنى بىرمۇ-بىر ساناپ بىرىلىشنى ئارزۇ قىلىۋاتامدىكىن تاڭ؟ ياكى بولمىسا شەرىئەتنىڭ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى بوغۇپ قويمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ، كۆڭلىنى تىندۇرشىمىز ئۈچۈن ھالال نەرسىلەردىن كۆزلىرىگە تور تارتىشىمىزنى ئويلاۋاتامدىكىن؟ بەلكى شۇنداق دىيىلىشنى ئارزۇ قىلغان بولسا كىرەك.

بوغۇزلانغان تۆگە، ئىنەك، قوي، توشقان، كىيىك، تاغ ئۆچكىسى،

توخۇ، كەپتەر، غاز، ئۆدەك، تۆگە قۇشى قاتارلىقلارنىڭ گۆشلىرى ھالال، چېكەتكە ۋە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان بېلىقنىڭ گۆشلىرى ھالال.

ئوتياش، سەي-كۆكتات، مېۋە-چېۋە، دانلىق زىرائەتلەر ۋە يەل-يېمىشلەر ھالال.

سۇ، سۇت، ھەسەل، زەيتۇن، سىركە ھالال.

تۇز، ئۆسۈملۈك دورىلىرى ھالال.

ئوتۇن، تۆمۈر، قۇم، شېغىل، پىلاستىك (خاشۇ)، ئەينەك ۋە رېزىنكە ھالال.

ھايۋاناتلار،ئاپتۇموبىل-ماشىنىلار، پويىزلار،پاراخوت ۋە ئايرۇپىلا-نغا ئولتۇرۇش، مىنىش ھالال.

سوۋۇتۇش ماشىنىسى، توڭلاتقۇ، كىر يۇيۇش ماشىنىسى، قۇرۇتۇش ماشىنىسى، ئۇن تارتىش، خېمىر يۇغۇرۇش ۋە نان پۇشۇرۇش ماشىنىلىرى، سىقىش ماشىنىسى ۋە باشقا تىبابەت ئۈسكۈنىلىرى، ئىنجىنىرلىق، ئاسترونومىيە، تېلىسكوپ، بىناكارلىق، ماكرو ھىساۋات سايمانلىرىنى ئىشلىتىش، (يەرئاستىدىن) سۇ چىقىرىش، نىفىت تېپىش، كان قېزىش، كان مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، مەتبەئەچىلىك ۋە ھىساپلاش ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىش ھالال.

پاختا، بۆز، يۇڭ، تىۋىت، مۇباھ ھىساپلانغان خۇرۇم، نىلون ۋە سۇلياۋ قاتارلىقلاردىن كىيىم كىيىش ھالال.

ئۆيلىنىش،سودا-سېتىق قىلىش،سېتىۋېلىش، كىسەل بولۇش،

ھاۋالە قىلىش،ئىجارە ۋە ياغاچچىلىق (خارەت)، تۆمۈرچىلىك، رېمونتچىلىق ھۈنەرلىرى ھەممە چارۋىچىلىق ھالال.

شۇنىڭدەك ساناپ ئولتۇرساق ئاخىرغا چىقىش مۇمكىنمۇ؟ ئۇلار نىمە ئۈچۈن چۈشەنگىلى ئۇنىمايدىكىن تاڭ؟

ئۇلارنىڭ «بۇ دىن ئاسانلىق دىنى تۇرسا» دەپ ئىسپات كۆرستىپ بېقىشلىرى، ئارقىسىغا يامان غەرەز يوشۇرۇنغان توغرا سۆزدۇر. ئىسلام دىنىدىكى ئاسانلىق نەزىرىيىسى ئۇلارنىڭ ھەۋەسلىرى ۋە خاھىشلىرىغا ئاساسلانغان بولماستىن، شەرىئەت (ئالللاھنىڭ تۈزىمى) ئېلىپ كەلگەن رەۋىشتىكى ئاسانلىق خۇسۇسىيتىگە ئىگە. «ئىسلام دىنى ئاسانلىق دىنى» دىگەن ماسكا ئاستىغا يوشۇرۇنۇپ، ھارام ئىشلارنى ئىشلەش بىلەن، شەرىئەت رۇخسەت ۋە كەڭچىلىك قىلغان تۈۋەندىكى ئىشلارنى قىلىشنىڭ ئوتتۇرسىدا چوڭ پەرىق بار. مەسىلەن: ئۇلار سەپەرگە چىققاندا ئىككى ۋاقت نامازنى بىر ۋاقىتقا توپلاپ ئوقۇش (بىرنى ئالدىغا يەنە بىرنى ئارقىغا سۈرۈپ) ،قەسىر قىلىپ ئوقۇش، سەپەرگە چىققاندا ۋاقىتلىق روزا تۇتماسلىق، موقۇم كىشى ئۈچۈن ئۈتۈك ۋە چورۇققا بىر كىچە كۈندۈز مۇھلەت ئىچىدە مەسىھ قىلىش. مۇساپىر كىشى ئۈچۈن ئۈچ كىچە كۈندۈز مەسىھ قىلىش، سۇئىشلىتىشتە خەۋىپ ھىس قىلسا تەيەممۇم قىلىش، كىسەل كىشىنىڭ ئىككى ۋاقت نامازنى بىر ۋاقىتتا ئوقىشى، يەنە يامغۇر ياغقاندا ئىككى ۋاقت نامازنىڭ بىر ۋاقىتتا ئادا قىلىنىشى،

ئۆيلەنمەكچى بولغان كىشىنىڭ، ئۆيلەنمەكچى بولغان ئايالغا قارىشىنىڭ مۇباھ قىلىنىشى، قەسەم كاپارىتى ئۈچۈن قۇل ئازاد قىلىش بىلەن يوقسۇلغا كىيىم-كېچەك بېرىپ قورسىقىنى تويغۇزۇپ قويۇشنىڭ بىرىنى تاللاشقا ئىزنى بېرىلگەنلىكى، قاتتىق قىسىلغاندا ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولىدىغانلىقى ۋەھەكازا.

قۇشۇمچە قىلىپ ئېيتقاندا ھەر بىر مۇسۇلمان شۇنى بىلىشى كېرەككى، ھارام ئىشلارنىڭ ھارام قىلىنىشىدا شۇ ھېكمەت بار. ئاللاھ بۇ ھارام ئىشلار ئارقىلىق بەندىلىرىنى سىنايدۇ، ھەركىتىنى كۆزىتىدۇ. ئەھلى جەننەت، ئەھلى دوزاختىن ئايرىلىشتىكى سەۋەپ، ئەھلى دوزاخ جەھەننەم ئورالغان (يۆگەلگەن) شەھۋانى ئىستەك ۋە كەيپ-ساپاغا چۈمگەن سەۋەپلىك. جەننەت ئەھلى (جەننەتكە كىرىشكە لاياقەتلىك بولغانلار) بولسا، جەننەت ئورالغان قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بەرگەن سەۋەپلىكتۇر. مۇبادا مەزكۇر سىناش بولمىغاندا ئىدى، ئاسىي بىلەن ئىتائەتكارنىڭ پەرقى بولمىغان بولاتتى. ئەھلى ئىمان ئاللاھنىڭ رىزالىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، قىيىن ۋەزىپىلەرگە كۆكسىنى كېرىپ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا بويۇن ئىگىدۇ ۋە ساۋاپ ئۈمىد قىلىدۇ، نەتىجىدە قىيىن ئىشمۇ ئاسانلىشىدۇ. ئەھلى نىفاق بولسا قىيىن ۋەزىپىلەرگە دەرت-ئەلەم ۋە خوشياقماسلىق كۆزى بىلەن قارايدۇ، نەتىجىدە يۈك ئېغىر تۇيۇلۇپ، ئىتائەت قىلىش تولىمۇ قىيىن مەسىلىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئىتائەتمەن بەندە هارام ئىشلارنى تەرك قىلىش بىلەن زوق ۋە لەززەت ئالىدۇ. ئاللاھ يولىدا بىر يامان ئىشنى تەرك ئەتكەن كىشىگە، ئاللاھ ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق موكاپات ئاتا قىلىدۇ ۋە ئۇ كىشى قەلبىدە ئىماننىڭ لەززىتىنى تېتىيدۇ.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن بۇ رىسالىدە نۇرغۇنلىغان هارام مەسىلىلەرنى ئوقۇۋالىدۇكى، ئۇلارنىڭ هارام ئىكەنلىكى قۇرئان-كەرىم ۋە ھەدىس رەسۇلۇللاھتىن نەقىل ئېلىنغان دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلانغان شەرىئەتنىڭ چەكلىمىلىرىدۇر. بۇ ئىللەتلەر كۆپلىگەن مۇسۇلمان ئاممىسى ئارىسىدا يامراپ كەتكەن، ئومۇملاشقان بولۇپ، نەخ مەيداندا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشنى مەقسەد قىلدىم. ئاللاھتىن ئۆزۈم ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم ئۈچۈن ھىدايەت، مۇۋەپپىقىيەت ۋە ئۇنىڭ چەكلىمىلىرىگە قۇلاق سېلىشقا نىسىپ قىلىشنى تىلەيمەن. شۇنداقلا ئاللاھتىن بىزنى هارام ئىشلاردىن ئۇزاق، گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن خالى قىلىشنى سورايمەن. ئاللاھ ئەڭ ياخشى قوغدىغۇچى ۋە ئەڭ شەپقەتلىكتۇر.

# ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش

ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش شەرتسىز ھالدا ئەڭ چوڭ گۇناھتۇر. ئەبۇبەكىر رەزىيەللاھ ئەنھۇ ئېيتىدۇ،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەرگە ئەڭ چوڭ گۇناھنى سۆزلەپ بېرەيمۇ؟ (ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى) ساھابىلەر ئېيتتى: بولىدۇ ئى رەسۇلۇللاھ ــ دىدۇق. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش›ـ دىدى. » [بۇخارى، بىرلىككە كىلىنگەن ھەدىس]

ھەرقانداق گۇناھنى ئاللاھ كەچۈرۈم قىلىشى مۇمكىن، بىراق شېرىك كەلتۈرۈشنى كەچۈرمەيدۇ. شۇڭا بۇ گۇناھ ئۈچۈن ئالاھىدە تەۋبە ــ پۇشايمان قىلىش شەرت. ئاللاھتائالا مۇنداق دېگەن ئىدى:

«ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ.» [نىسا. 48]

شېرىك گۇناھ ئىچىدە، دىنىدىن چىقىرۋېتىدىغان ئەڭ چوڭ گۇناھمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئۇ گۇناھنى ئىشلىگۈچى (تەۋبە قىلماي) شۇ ھالىتىدە ئۆلۈپ كەتسە دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.

كۆپلىگەن ئىسلام ئەللىرىدە ئەۋج ئالغان بۇ شېرىك كەلتۈرۈش

گۇناھىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن بىر قانچىسى تۆۋەندىكىچە.

## قەبرىلەرگە چوقۇنۇش

ئۆلۈپ كەتكەن ئەۋلىيالار دەرتكە دەرمان، رەنجگە شىپا بولىدۇ، غەم-قايغۇ، خاپىلىقنى كۆتىرۋىتىدۇ - دەپ قاراش ۋە ئۆلاردىن مەدەت، ياردەم تىلەش. ھالبۇكى ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلا ئېيتقان ئىدى: «پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قۇلچىلىق قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى جېكىلىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ياكى ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ، ياشىنىپ قالسا ئۇلارغا ‹ئوھوي› دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن).» [ئىسرا. 23]

شۇنداقلا ئۆلۈپ كەتكەن پەيغەمبەرلەر، سالىھلار ۋە باشقىلارغا شاپائەت قىلىشلىرى ئۈچۈن يالۋۇرىش، ياكى ئېغىر كۈلپەتلەردىن قۇتۇلدۇرىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىش، ھالبۇكى ئاللاھتائالا ئېيتقان ئىدى: «بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا (ئۇنىڭ دۇئاسىنى) ئىجابەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋىتىدىغان، ۋە سىلەرنى زېمىننىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغان كىم؟ ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (باشقا ئىلاھ يوق)» [نەمل. 62]

ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھادىسىگە يولۇققىنىدا، بىشىغا كۈن چۈشكەندە، ئالدانغاندا، ئولتۇرۇپ قوپقاندا ۋە تېيىلىپ كەتكەندە

شەيخ ۋە ئەۋلىيانىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشقا ئادەتلىنىپ كىتىۋاتىدۇ. بىرلىرى، «يا مۇھەممەد» دىسە، يەنە بىرلىرى «يا ئەلى، يا ھۈسەين» دەيدۇ. يەنە بىرلىرى «يا بەدۋى، يا جيلانى» دېسە، يەنە بىرلىرى «يا شازىلى، يا رۇفائى» دەيدۇ. يەنە بەزىلىرى « يا ئەيدىروس»دەپ دۇئا تەلەپ قىلسا، يەنە بەزىلىرى سەئىد، زەينەپكە دۇئا-تەلەپ قىلىۋاتىدۇ (مەدەت تىلەۋاتىدۇ)، يەنە بەزىلىرى ئىبنى ئۇلۋانغا... ھالبۇكى ئاللاھتائالا ئېيتقان ئىدىكى: «سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان بۇتلار، سىلەرگە ئوخشاش مەخلۇقلاردۇر(يارىتىلغان شەيئىلەردۇر.» [ئەئراف. 194]

قەبرىگە چوقۇنغۇچىلار ئىچىدىن بەزىلەر قەبرىنى تاۋاپ قىلىپ ئۇنىڭ سۈمەلىرىنى سۆيىدۇ، يۈز-كۆزلىرىنى سۈركەيدۇ، بوسۇغىلىرىنى سۆيىدۇ. توپىسىنى يۈزلىرىگە سۇۋايدۇ. قەبرىنى كۆرگەندە سەجدىگە باش قويىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا ئەيمىنىپ قۇرقۇپ تۇرۇپ يىغا-زار قىلغان ھالدا ئارزۇ-ئارمان ۋە ھاجەتلىرىنى سورايدۇ. كېسەلگە شىپالىق، پەرزەنت كۆرۈش، ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇش قاتارلىقلارنى تىلەيدۇ. بەزىدە قەبرىدە ياتقان كىشىنى چاقىرىپ: «غوجام، ھوزۇرىڭىزغا ئۇزاق يەردىن كەلدىم، قۇرۇق قول ياندۇرمىغايسىز!» دەيدۇ. ھالبۇكى ئاللاھ جەللە جەلالۇھۇ مۇنداق دىگەن ئىدى. «ئاللاھنى قويۇپ قىيامەتكىچە دۇئانى ئىجابەت قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان بۇتلارغا چوقۇنىدىغان ئادەمدىنمۇبەكرەك ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟ بۇتلار ئۇلارنىڭ دۇئاسىدىن

غاپىلدۇر. [ئەھقاب. 5]

ھەمدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتىدۇ: «ئاللاھنى قويۇپ شېرىككە چوقۇنغان ھالدا ئۆلگەن كىشى دوزاخقا كىرىدۇ.» [بۇخارى]

ئۇلارنىڭ بەزىسى قەبرە باشلىرىدا چاچلىرىنى چۇشىرىدۇ ۋە ئۇلاردا «مەشھەدلەرنى ھەج تاۋاپ قىلىش قائىدىلىرى»غا ئوخشاش ئىسىملاردا كىتابلار مەۋجۇد. مەشھەد دېگەندىن مازارلار ۋە ئەۋلىيالارنىڭ قەبرىلىرىنى مەقسەد قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسى، «ئەۋلىيالار دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ، پايدا مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ» دەپ قارايدۇ. بىراق ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە ئېيتقان ئىدى. «ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر زىيان-زەخمەت يەتكۈزىشنى ئىرادە قىلسا، يالغۇز ئاللاھتىن باشقا ئۇنى دەپئى قىلغۇچى بولمايدۇ. ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھنىڭ پەزلىنى قايتۇرغۇچى بولمايدۇ. [يونۇس.157]

شۇنىڭدەك ئاللاھنىڭ غەيرى ئۈچۈن نەزىر-چىراق قىلىشمۇ شېرىكتۇر. مەسلەن، قەبرىلەرگە چىراق ۋە شام ياندۇرۇپ نەزىر قىلغانلارنىڭ قىلمىشلىرىمۇ ئوخشاشلا چوڭ شېرىك گۇناھلارنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن بىرىدۇر.

ئاللاھنىڭ غەيرى ئۈچۈن قان قىلىش. ھالبۇكى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ. « پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن، قۇربانلىق قىلغىن» [كەۋسەر. 2] (يەنى ئاللاھ ئۈچۈن ئۇنۇڭ نامى بىلەن مال بوغۇزلا)

**رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقان ئىدى: «ئاللاھنىڭ غەيرى ئۈچۈن قان قىلغان كىشىگە ئاللاھ لەنەت قىلسۇن» [مۇسلىم]**

**مەزكۇر قان قىلىشتا ئىككى تۈرلۈك ھارام مۇجەسسەملەشكەن بولۇپ، بىرى ئاللاھنىڭ غەيرى ئۈچۈن قان قىلىش، يەنە بىرى ئاللاھنىڭ غەيرىنىڭ ئىسمى بىلەن قان قىلىش. ئۇنىڭ ھەر ئىككىسى (قان قىلغان مالنىڭ گۆشنى) يېيىشكە توسالغۇ بولىدۇ.**

**دەۋرىمىزدە ئەۋج ئېلىپ كەتكەن جاھىلىيەت (ئۆتمۈش، كونا جەمئىيەت)كە مەنسۇپ قان قىلىشلارنىڭ بىرى «جىن ئۈچۈن قان قىلىش»تۇر. كىشىلەر بىر قورو سېتىۋالسا ياكى (يېڭى) ئۆي سالسا، ياكى بىر قۇدۇق قازسا ئۇلارنىڭ يېنىدا، ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدا قان قىلىدۇ. جىننىڭ خاپا قىلىپ قويىشىدىن قورقۇپ شۇنداق قىلىدۇ.**

**كەڭ كۆلەمدە تاراپ كەتكەن چوڭ شىرىك گۇناھلارنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بىرى، ئاللاھ ھارام قىلغاننى ھالاللاشتۇرۇش، ئاللاھ ھالال قىلغاننى ھاراملاشتۇرۇش. ياكى ئاللاھتىن باشقا بىرىنىڭ بۇ توغرىدا ھوقۇقى بار دەپ قاراش. جاھىلىيەتكە تەۋە قانۇن ئورگانلىرى ۋە سوت مەھكىمىلىرىگە داۋا قىلىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ (چىقارغان ھۆكۈملىرىنى) ھالال، توغرا دەپ تونۇپ ئۇنىڭغا رازى بولۇش ۋە تاللاش، شۇنداقلا ئۇنىڭ جائىز ئىكەنلىكىنى بەرھەق بىلىش. ئاللىبۇرۇن ئاللاھ بۇ چوڭ كۇپۇر (جىنايىتىنى) تىلغا ئېلىپ مۇنداق**

دىگەن ئىدى. «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرىلىرىنى، راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنى باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) مەبۇد-ئىلاھ قىلىۋالدى.» [تەۋبە. 31]

ئەدى بىن ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۇقارقى ئايەت كەرىمنى ئوقۇۋاتقىنىنى ئاڭلىغاندا مۇنداق دېگەن ئىدى. ئۇلار (يەھۇدى ناسارالار) ھىبرىلىرى ۋە راھىبلىرىنى ئىلاھ قىلىۋالمىغانتۇرسا؟. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەئە توغرا، بىراق ئۇلار <(يەھۇدى ۋە ناسارالارنىڭ ئۆلىمالىرى) ئۇلارغا ئاللاھ ھارام دەپ بەلگۈلىگەننى ھالال دەپ بىرەتتى. ئاللاھ ھالال دەپ بېكىتكەننى ھارام دەپ بىرەتتى. ئۇ بولسا ئۇلار (يەھۇدى ناسارالار)نىڭ ئۇلارغا (ھىبرىلىرى ۋە راھىبلىرىغا) چوقۇنغانلىقىدۇر،قۇلچىلىق قىلغانلىقىدۇر> دەپ جاۋاپ بەرگەن. [بەيھەقى، سۈنەنۇل كۇبرا]

ئاللاھ تەئالا مۇشرىكلارنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن ئىدى. «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سۈننىتىدە) ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلمەيدىغانلار، ۋە ھەق دىن (يەنى ئىسلام دىنى)غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار.» [تەۋبە. 29] ھەم مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتقىنكى، ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! سىلەرگە ئاللاھ چۈشۈرگەن رىزىقتىن بەزىسىنى ھارام، بەزىسىنى ھالال قىلدىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە مۇنداق قىلىشقا ئىزنى بەردىمۇ؟ ياكى ئاللاھقا يالغاننى چاپلامسىلەر؟» [يۇنۇس. 59]

يامراپ كەتكەن شرىك كەلتۈرۈش گۈناھىنىڭ تۈرلىرىدىن بىرى، سېھىرگەرلىك، رامباللىق،كاھىنلىق (غەيبنى بىلگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش)

سېھىرىگەرلىك كۈپىرىدۇر ۋە (كىشنى) ھالاكەتكە تاشلايدىغان يەتتە خىل چوڭ گۈناھنىڭ بىرىدۇر. ئۇ مەنپەئەت قىلالمايدۇ، زىيان كەلتۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە شۇنداق دەيدۇ. «ھالبۇكى ئۇلار ئۆزلىرىگە زىينى بار، پايدىسى يوق نەرسىلەرنى ئۆگۈنەتتى. [بەقەرە. 102] ۋە يەنە ئېيتىدۇكى: «سېھىرگەرلەر قەيەرگە بارسا مۇۋەپپەقيەت قازىنالمايدۇ. [تاھا. 69]

سېھىرگەرلىك بىلەن شۇغۇللانغان كىشى كاپىر بولۇپ كىتىدۇ. (كۇپرى ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى ئېتىقادى كۇپرى، يەنە بىرى ئەمەلى-ئىش ھەركەتكە مۇناسىۋەتلىك كۇپرى، بۇ يەردە ئەمەلى كۇپرى مەخسەد قىلىنغان) ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دىگەن ئىدى: «سۇلايمان (سېھىرگەر بولغىنى ۋە سېھىر ئۆگۈنۈش بىلەن) كاپىر بولغىنى يوق. لىكىن شەيتانلار كىشىلەرگە سېھىر ئۆگۈتۈپ كاپىر بولدى. ئۇلار بابىلدىكى ھارۇت، مارۇتقا نازىل قىلىنغان سېھىرنى ئۆگۈنەتتى. (بۇ ئىككىسى) «بىز كىشىلەرنى سىنايمىز، كاپىر بولمىغىن» دېمىگىچە ھېچ كىشىگە سېھىر ئۆگەتمەيتى. [بەقەرە. 102]

سېھرگەرنىڭ جازاسى بولسا (مەھكىمە شەرئى تەرىپىدىن ئىقرا قىلىنىدىغان)ئۆلۈم جازاسىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللۇنۇش ھارام ۋە

رەزىللىكتىن ئىبارەت. قالاق ئادەملەر، ئۆزىگە ئەكزى ئۇۋال قىلغۇچى كىشىلەر ۋە ئىمانى ئاجىز بەندىلەر باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن،ھەققە تاجاۋۇز قىلىش ئۈچۈن سېھىرگەرلەرنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئادەملەرگە يامانلىق قىلىدۇ ياكى ئۇلارغا ئۆچمەنلىك قىلىدۇ. كىشىلەر ئىچىدە سېھىر قىلىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن سېھىرگەرلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ ھارام ئىش قىلىدىغانلارمۇ بار. ئەسلىدە ئاللاھقا يۈزلىنىش ۋە مۇئەۋۋەزات سۈرىلەرگە ئوخشاش ئاللاھنىڭ كالامى بىلەن داۋالىنىشى كېرەك ئىدى. ئاللاھتائالادىن باشقا ھېچكىم غەيىپنى بىلمەيدىغان تۇرۇپ، غەيىپنى بىلىمەن دەپ دەۋا قىلغاچقا، كاھىن ۋە رەممالمۇ بىردەك ھالدا كاپىر. ئەزبىرايى خۇدا بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ساددا خەلقنىڭ پۇل-مېلىنى ئېلىۋېلىش مەقسىتىدە ئۇلارنى ئالدايدۇ. قۇمغا سىزىق تارتىش، ئەپسۇن ئوقۇش، ئالقانغا قاراش، ئايەت سۈيى، ئاپتۇۋا ئايلاندۇرۇش، شارسىمان ئەينەككە،  ئەينەككە قاراش، ۋەھاكازا ۋاستىلارنى قوللىنىدۇ، بىرەر قېتىم توغرا سۆزلەپ قالسىمۇ 99% يالغان. بىراق غاپىل ئىنسانلار ئۇ ئويدۇرمىچىلارنىڭ پەقەت بىرلا قېتىم توغرا سۆزلەپ قالغان سۆزىنىلا خاتىرلەپ، ئىستىقبالى ھەققىدە، ئۆيلەنسە بەختلىك ياكى بەختسىز بولىشى، تىجارىتى راۋانمۇ ياكى كاساتمۇ، يوقۇتۇپ قويغان نەرسىسىنى ئىزدەش ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىشلاردا مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارىدۇ.

سېھرىگەرنىڭ ئالدىغا بارغان كىشى ئۆلارنىڭ ئېيتقانلىرىنى راست دەپ ئىشەنسە كاپىر بولۇپ، ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كىتىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ سۆزى ئۇنۇڭ دەل پاكتى: « كىمكى كاھىن ياكى رەمبالنىڭ ئالدىغا كىلىپ، ئۇنىڭ ئېيتقىنى راست دەپ ئىتىقاد قىلسا، چوقۇمكى مۇھەممەدكە نازىل قىلىنغان (ئىسلام دىنى)غا كاپىر بولغان بولىدۇ». [ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان]

ئەگەر كاھىنلارنىڭ ئالدىغا بارغان كىشى ئۇلارنىڭ غەيىپنى بىلىشگە ئىشەنمەستىن، پەقەتلا ئۇنى سىناپ بېقىش ۋە باشقا ئىشلار يۈزسىدىن بارغان بولسا كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ. لېكىن 40 كۈنلۈك نامىزى مەقبۇل بولمايدۇ. ئۇنىڭ پاكتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ سۆزىدۇر. «كىمكى رامبالنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر نەرسە توغۇرلۇق (مەلۇمات) سورىسا، 40 كېچىلىك نامىزى مەقبۇل بولمايدۇ.» [مۇسلىم] بۇمۇ تېخى نامازنى ئوقۇش ۋە تەۋبە قىلىش ۋاجىپ بولۇش بىلەن بىرگە شۇنداق ھۆكۈمگە ئىگە.

يولتۇزلار، پىلانىتلار، ۋە ھادىسلەر ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدا تەسىر كۆچكە ئىگە دەپ قاراش

زەيد ئىبنى خالىد ئەلجۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ھۇدەيبىيەدە بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بەردى، كېچىدە ياغقان يامغۇرنىڭ ئىزناسى بار ئىدى.

نامازدىن پارىغ بولۇپ جامائەتكە يۈزلەندى ۋە مۇنداق دىدى: <پەرۋەردىگارىڭلار نىمە دىدى بىلەمسىلەر؟ > جامائەت: ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ياخشى بىلىدۇ- دىيىشتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: << ئاللاھ مۇنداق دىدى، بەندىلىرىم ئىچىدە مۆئمىن بولۇپ تاڭ ئاتقۇزغانلار ۋ كاپىر بولۇپ تاڭ ئاتقۇزغانلار بار، بىزگە ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە شەپقىتى بىلەن يامغۇر ياغدۇرۇلدى، دىگەنلەر ماڭا ئىمان ئېيتقان ۋە يۇلتۇزغا تانغان بولدى. كىمكى، ئۇنداق ياكى بۇنداق يۇلتۇزنىڭ سەۋەبى بىلەن يامغۇر ياغدۇرۇلدى- دىسە، ئۇلار ماڭا تانغان ۋە يۇلتۇزغا ئىمان ئېيتقان بولدى» [بۇخارى]

گېزىت-ژۇرناللاردا بېسىلغان تەلەي بۇرجلىرىغا يۆلىنىشمۇ شىرىككە كىرىدۇ. ئەگەر ئۇ بۇرجلاردىكى يۇلتۇز ۋە پىلانىتلاردا (ئالاھىدە) تەسىر كۈچ بار دەپ ئېتىقاد قىلسا، مۇشرىك بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئېتىقاد قىلماي تەسەللى ئۈچۈن ئوقۇسا ئاسىي ، گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى شىرىك نەرسىنى ئوقۇپ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىش جائىز ئەمەس. تېخى شەيتان ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلىگە مەزكۇر ئېتىقادنى تاشلايدۇ، ئاخىر ئۇ شىرىككە ۋاستە بولۇپ بېرىدۇ.

ياراتقۇچى ئاللاھ پايدا مەنپەئەت ئورۇنلاشتۇرمىغان شەيئىلەردە مەنپەئەت بار دەپ قاراشمۇ شىرىككە كىرىدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر تۇمار، شىپىرىكسىمان ئەپسۇنلار، ھەرخىل مارجان، چاناق، (دېڭىزدىن

چىقىدىغان قېرى تاشپاقىنىڭ قېپى) مەدەن، (مىنرال) سەل، ھالقا ۋە باشقىلارغا ئىشىنىدۇ. كاھىن، سېھىرگەرلەرنىڭ يول باشچىلىقىدا ياكى ئەنئەنىۋى خاھىش بويىچە يۇقارقى نەرسىلەرنى بويۇنلىرىغا ئېسىۋېلىشىدۇ، ياكى بالىلىرىغا كۆز تەگمىسۇن ئۈچۈن ئۆلارنىڭ بويىنىغا تاقاپ قويىدۇ، ياكى بەدەنلىرىگە تېڭىپ قويىدۇ. ئاپتۇموبىل، ماشىنىلىرىغا، ئۆيلىرىگە ئېسىۋالىدۇ. مەلۇم تۈردىكى كۆزلىرى بار ئۆزۈكلەرنى سېلىۋالىدۇ ۋە ئۇلاردا بالا-مۇسىبەتلەرنى كۆتۈرۈۋېتىش، توساپ قېلىشتىن ئىبارەت بەلگىلىك ئىشلار بار دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ شەكىلسىز ھالدا «ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش» پرىنسىپىغا زىت كېلىدۇ. ئىنسانغا پەقەت ھارام بىلەن داۋالىنىشتىن ئىبارەت ئاجىزلىقنى ئارتتۇرىدۇ.

كۆپۈنچە ئېسىۋالغان تۇمارلاردا ئوچۇق شىرىك (جىنايىتى)، بەزى جىنلاردىن، شەيتانلاردىن ياكى يوشۇرۇن سۈرەت ۋە مەنىسى ئۇقۇلمايدىغان خەتلەردىن ياردەم تىلەش گۇناھلىرى مەۋجۇد.

بەزى جادۇگەرلەر قۇرئان-كەرىمنىڭ ئايەتلىرىگە باشقا شىركى بىللا نەرسىلەرنى ئارلاشتۇرۇپ يازىدۇ. بەزىلىرى قۇرئان ئايەتلىرىنى پاسكىنا ماددىلار ياكى ھېيىز قېنى ئارقىلىق يازىدۇ، يۇقارقىلارنىڭ ھەممىسىنى ئېسىۋېلىش ياكى تېڭىۋېلىش ھارامدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن ئىدى: «كىمكى تۇمار ئېسىۋالسا ئاللاھقا شىرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ.» [ئىمام ئەھمەد]

ئۇ ئەمەلنى قىلغان كىشى ئەگەر، يۇقارقى نەرسىلەر ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز ھالدا پايدا-مەنپەئەت كەلتۈرىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلسا چوڭ شېرىك گۇناھنى ئىشلىگەن بولىدۇ، ناۋادا ئاللاھ پايدا زىياننىڭ سەۋەبى قىلمىغان ئۇ نەرسىلەرنى ئۇنىڭ سەۋەپچىسى دەپ ئېتىقاد قىلسا، كىچىك شېرىك گۇناھنى ئىشلىگەن بولىدۇ. بۇ ھەم شىرىكنىڭ سەۋەپلىرى قاتارىغا كىرىدۇ.

## تائەت - ئىبادەتتە رىياگەرلىك ، كۆز كۆز قىلىش

ئەمەلنىڭ رىيادىن خالى بولىشى، سۈننەتكە ئۇيغۇن بولىشى سالىھ ئەمەللەرنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىدىندۇر. كىشىلەر كۆرسۇن ئۈچۈن ئىبادەت قىلغان ئادەم «شېرىك ئەسغەر» (كىچىك شىرىك) گۇناھىنى ئىشلىگەن بولىدۇ، قىلغان ئەمىلى بىكارغا كېتىدۇ. مەسىلەن، كىشىلەركۆرسۇن دەپ ناماز ئوقۇغان كىشىگە ئوخشاش.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دىگەن ئىدى: «شۈبھىسىزكى مۇناپىقلار ئاللاھنى ئالدىماقچى بولىشىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا جازا بىرىدۇ. ئۇلار ناماز ئۈچۈن تۇرغاندا خوش ياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ. (ساۋاپ ئۈمىد قىلمايدۇ). (نامازنى) كىشىلەرگە كۆرستىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ. (يەنى رىياكارلىق قىلىدۇ) ئاللاھنى پەقەت ئازغىنا ياد ئىتىدۇ.»
[نىسا. 142]

شۇنداقلا نامىم يېيىلسۇن، باشقىلار ئاڭلىسۇن ئۈچۈن ئەمەل قىلسا، شېرىك (گۇناھقا) چۈشكەن بولىدۇ. بۇنداق قىلغان كىشىلەرگە قارىتا ھەدىس شېرىفتا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بار. مەسىلەن، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە شۇنداق دېيىلىدۇ: كىمكى (ئەمەل ئىبادەتنى كىشىلەرگە) ئاڭلاتسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى ئاڭلىتىپ جازالايدۇ. كىمكى (ئەمەل ئىبادەتنى كىشىلەرگە) كۆرسەتسە، ئاللاھ ئۇ كىشىنى كۆرستىپ جازالايدۇ. [مۇسلىم]

كىمكى ئاللاھ ۋە كىشىلەرنى مەقسەد قىلىپ ئىبادەت قىلسا ، ئەملى بىكارغا كېتىدۇ. مەسىلەن، «ھەدىس قۇدسى»دا ئېيتىلىشچە: (ئاللاھ ئېيتتى) مەن شېرىكلەردىن تولىمۇ بىھاجەتتۇرمەن. كىمكى مەن بىلەن باشقىسىنى شېرىك قىلىپ ئىبادەت قىلسا، ئۇنى شېرىكى بىلەن تاشلاپ قويىمەن. [مۇسلىم]

ئىبادەتنى باشلىغاندا، خالىس ئاللاھ ئۈچۈن دەپ، كېيىن كۆڭلىگە رىياكەرلىك پەيدا بولۇپ قالغان تەقدىردە (دەرھال) ئۇنى يامان كۆرۈپ قارشى تۇرسا، ئىتتىرۋەتسە، ئەملى مەقبۇل بولىدۇ. ئەگەر كۆڭلى ھوزۇرلىنىپ، ئىچكى دۇنياسى ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلسا ئەملى بىكارغا كىتىدۇ. ئۆلىمالارنىڭ كۆپىنچىسى شۇنداق دەپ يازغان.

# شۇم پال ئېلىش

ئاللاھ مۇنداق دېدى: ئەگەر ئۇلار (پاراۋانلىق، مولچىلىقتەك)

بىرەر ياخشىلىققا ئىرىشسە، بىز ئۈنىڭغا ھەقلىقمىز دەيدۇ. ئەگەر ئۇلارغا بىرەر يامانلىق كەلسە، ئۇلار: بۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆئمىنلەرنىڭ شۇملىقىدىن كەلدى، دەيدۇ. [ئەئراق. 131]

ئەينى دەۋىردە ئەرەپلەر سەپەرگە چىقىشتىن ۋە باشقا ئىشلارغا ئوخشاش بىرئىشنى قىلماقچى بولسا، بىر قۇشنى تۇتۇپ ئۇچۇراتتى- دە، قۇش ئوڭ تەرەپكە كەتسە بىشارەتلىنىپ ئىشىغا ئاتلىناتتى، سول تەرەپكە ئۇچسا شۇمپال ئېلىپ، ئىرادىسىدىن قايتىۋالاتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بۇ (ئەمەل)نىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىپ شۇنداق دىگەن ئىدى: قۇش ئۇچۇرتۇپ شۇمپال ئېلىش شېرىكتۇر». [ئىمام ئەھمەد]

كامىل تەۋھىدكە زىت، ھارام ئېتقاد ئىچىگە كىرىدىغانلاردىن تۆۋەندىكىلەرمۇ بار.

مەلۇم ئايلاردىن شۇمپال ئېلىش، مەسلەن، سەپەر ئېيىدا نىكاھلىنىشنى تەرىك ئەتكەنگە ئوخشاش. بەزى كۈنلەردىن شۇمپال ئېلىش، مەسلەن: ھەر ئايدا چارشەنبە كۈنىنىڭ ئاخىرى شۇملۇق داۋاملىشىپ كەلگەن كۈن دەپ ئېتىقاد قىلغانغا ئوخشاش، ياكى سانلاردىن شۇمپال ئېلىش مەسلەن، 13 رەقىمگە ئوخشاش، ياكى ئىسملاردىن شۇمپال ئېلىش، مېيىپ كىشىلەردىن شۇمپال ئېلىش، مەسلەن، دۇكىنىنى ئېچىش ئۇچۇن كېتىۋاتقاندا يول ئۈستىدە بىر كور ئىنسانىنى ئۇچراتسا، شۇمپال ئېلىپ (پىشكەللىك ئۇلاشتى دەپ) ئارقىغا

قايتىش ۋەھاكازالار. بۇنىڭ ھەممىسى ھارام ۋە شېرىكتۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللىبۇرۇن بۇنداق ئىشلاردىن بىزار بولغان ئىدى. ئىمران بىن ھۆسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرپۇئ رەۋىشتە رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن: «شۇمپال ئالغان كىشى، شۇمپال ئالدۇرغان كىشى، كاھىنلىق قىلغان كىشى، ۋە كاھىنلىق قىلدۇرغان كىشى (ياكى شۇنداق دىگەنلىكىنى گۇمان قىلىمەن ــ راۋى) سېھىر قىلغان ياكى سېھىر قىلدۇرغان كىشى بىزنىڭ قاتارىمىزدىن ئەمەس.» [تىبرانى كەبىيرە دىگەن كىتابىدا رىۋايەت قىلغان]

كىمكى ئۇ (شۇمپال ئېلىش)نى قىلىپ سالسا، كاپارىتى، ئابدۇللاھ بىن ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدا كۆرستىلگەن. ئۇ ئېيتىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىدى: «كىمكى شۇمپال ئىشنى قىلدۇرسا، شېرىك كەلتۇرگەن بولدى.» ساھابىلەر- يا رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭ كاپارىتى( ئۆچۈرگۈسى) نىمە؟ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھىم! سىنىڭ ياخشىلىقىڭدىن باشقا ھېچقانداق ياخشىلىق يوق، سىنىڭ پېلىڭدىن باشقا پال يوق، ئۆزۈڭدىن باشقا تەڭرى يوق- دىيىشتۇر»- دىدى. [ئىمام ئەھمەد]

پال ئېلىش ئازدۇر-كۆپتۇر كىشىنىڭ خاراكتىرىدە مەۋجۇد بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك دورىسى، ئاللاھ ئەززەۋەجەللىگە تەۋەككۇل

قىلىش. مەسلەن، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇنداق دېگەن: بىزنىڭ ئىچىمىزدىن كىملا بولىدىكەن، ئۇنىڭ قەلبىگە شۇم پال ئېلىش تۇيغۇسى چۈشمەي قويمايدۇ، لېكىن ئاللاھ ئۇنى تەۋەككۇل ئارقىلىق كەتكۈزىدۇ. [ئەبۇ داۋۇد]

# ئاللاھنىڭ غەيرى بىلەن قەسەم ئىچىش

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلا مەخلۇقاتلىرى ئىچىدىن خالىغان نەرسە بىلەن قەسەم قىلىدۇ، بىراق، مەخلۇق (جۈملىدىن ئىنسان)نىڭ ئاللاھنىڭ غەيرى بىلەن قەسەم ئىچىشى جائىز ئەمەس. كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ ئېغىزىغا كۆنۈپ كەتكەن نەرسىلەرنىڭ بىرى، ئاللاھنىڭ غەيرى بىلەن قەسەم ئىچىشتۇر.

قەسەمدە بىر خىل ئۇلۇغلاش بولغاچقا پەقەت ئاللاھ بىلەنلا قىلىنىدۇ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەرپۇئ رەۋىشتە رىۋايەت قىلىغان ھەدىسىدە شۇنداق دېيىلىدۇ: «بىلىڭلاركى چوقۇم ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئاتىلىرىڭلارنىڭ (نامى) بىلەن قەسەم ئىچىشتىن چەكلىدى. كىمكى قەسەم قىلسا ئاللاھ (نامى) بىلەن قەسەم قىلسۇن ياكى سۈكۈت قىلسۇن.» [بۇخارى]

يەنە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرپۇئ رەۋىشتە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: «كىمكى ئاللاھنىڭ غەيرى بىلەن قەسەم ئىچسە شىرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ.» [ئىمام ئەھمەد، سەھىھۇل جامى]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئېيتقان ئىدى: «ئىشەنچ بىلەن قەسەم ئىچكەن كىشى بىزنىڭ قاتارىمىزدىن ئەمەس» [ئەبۇ داۋۇد]

دىمەك، كەئبە، ئىشەنچ، نامۇس، ياردەم، پالانىنىڭ بەركىتى، پۇستانىنىڭ ھاياتى، پەيغەمبەرنىڭ يۈز خاتىرسى، ئەۋلىيانىڭ ھۆرمىتى ۋە ئاتا-ئانا پەرزەنتلەرنىڭ بېشى قاتارلىق سۆزلەر بىلەن قەسەم قىلىش جائىز ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەممىس گۇناھتۇر. ئۇنىڭدىن بىرىنى ئىشلەپ سالغان كىشى گۇناھىنى يۇيۇش ئۇچۇن «لااله الا الله» (ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ھەقىقى ئىلاھ يوق) دېسۇن. شۇنداقلا سەھىھ ھەدىستە شۇنداق دىيىلمەكتە: «كىمكى قەسەم ئىچىپ، قەسىمدە... ‹لات ۋە ئۇززا بىلەن›(ئىپتىدائى جەمئىيەتتىكى مەشھۇر بۇتلارنىڭ ئىسمى) دەپ سالسا (دەرھال) «لااله الا الله» (ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ھەقىقى ئىلاھ يوق) دېسۇن.» [بۇخارى]

تېمىمىزنىڭ ئوبىكتىغا ئاساسەن ئېيتقاندا، يەنە بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان شىرىكسىمان سۆزلەر ۋە گۇناھ بولىدىغان كەلىمىلەردىن نۇرغۇنلىرى بار. تۆۋەندە بىر قانچىلىغان نەمۇنىلەرنى تىلغا ئالىمەن.

«ئاللاھقا ۋە سىزگە يېلىنىمەن. ئاللاھقا ۋە سىزگە يۆلەندىم . بۇ ئاللاھتىن ۋە سىزدىن بولدى. مىنىڭ ئاللاھ بىلەن سىزدىن باشقا ھېچكىمىم يوق، ماڭا ئاسماندا ئاللاھ، زېمىندا، سىز بار. مۇبادا ئاللاھ

ۋە سىز بولمىغان بولسىڭىز، مەن ئىسلامدىن ئادا جۇدا بولغان بولار ئىدىم. ئى كاساپەت دەۋىر! (ۋە بۇ شۇم زامان، بۇ پىشكەل ۋاقىت، ۋاقىت ئالدامچىدۇر، دىگەندەك دەۋىرنى تىللاش مەزمۇن قىلىنغان ھەرقانداق ئىبارە بۇنىڭ ھۆكمىدە. چۈنكى دەۋىرنى تىللىغانلىق، بار جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇنى ياراتقان ئاللاھنى تىللىغانلىق بولىدۇ). تەبىئەت خالىدى دىگەندەك چوقۇنۇش تۈسى بىرىلگەن ئىسىملار، مەسىلەن: ئابدۇلمەسىھ، (ئىيسانىڭ بەندىسى) ئابدۇننەبى، ئابدۇرەسۇل ۋە ئابدۇلھۇسەيىن دىگەنلەرگە ئوخشاش.

شۇنىڭدەك تەۋھىد (ئەقىدىسى)گە زىت كىلىدىغان يېڭى ئاتالغۇلار ئىچىدە، «سوتسىيالىستىك ئىسلام،» «دېموكراتىك ئىسلام،» (ياكى ئىسلام سوتسىيالىزىمى، ئىسلام دېموكراتىيسى) «خەلقىنىڭ ئىرادىسى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىدىندۇر،» «دىن ئاللاھنىڭ، ۋەتەن كۆپچىلىكنىڭ» «ئەرەپلىك نامى بىلەن »، «باتۇر - شجائەت نامى بىلەن». (ئەرەپچە ياكى باشقا تىللاردا بولسىمۇ) قايغۇ نادامەت، ھەسرەتنى ئۇقتۇرىدىغان ۋە شەيتاننىڭ ئىشىغا يوچۇق ئاچىدىغان «لەۋ» (ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇنداق قىلمىغان بولسا ئىدى مۇنداق بولمايتتى، دىگەندەك جۈملىلەردە ئىشلىتىدىغان سۆز قوشۇمچىسى) قوشۇمچىسىنى ئىشلىتىش (ئاللاھىم! ئەگەر خالىساڭ گۇناھىمنى كەچۈرگىن دىيىش) قاتارلىقلارمۇ گۇناھ ئىشلارنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ.

# ئۆلپەتلىشىش ياكى يېقىملىق ھىس قىلغانلىق يۈزىسىدىن مۇناپىقلار ۋە پاسىقلار بىلەن ئولتۇرۇپ ـ قوپۇش

قەلبىدە ئىمان مۇستەھكەم ئورۇن ئالمىغان كۆپىنچە كىشىلەر بەزى پاسىق ۋە بۇزۇق كىشىلەر بىلەن ئولتۇرۇپ-قوپۇشقا ھېرىسمەن كېلىدۇ. تېخى بەزى چاغلاردا ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە تىل ئۇزارتىدىغان، ئاللاھنىڭ دىنى ۋە ۋەلى بەندىلىرىنى مەسخىرە قىلىدىغانلار بىلەن ئولتۇرۇش قىلىدۇ، ھەم سۆھبەتتە بولىدۇ. بۇ قىلمىش ئەقىدىگە نوقسانلىق كەلتۈرىدىغان نا توغرا قىلمىشلار ئىكەنلىكىدە ھېچ شۈبھى يوق. ئاللاھ-تەئالا مۇنداق دېگەن ئىدى: «بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز توغرىسىدا (تەنە ۋە مەسخىرە قىلىپ) پاراڭ سېلىشىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرگىنىڭدە، ئۇلار بۇنىڭدىن باشقا پاراڭغا چۈشمىگىچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن. ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماسلىقنى شەيتان ساڭا ئۇنتۇلدۇرغان بولسا، ئېسىڭگە كەلگەندىن كېيىن ئۆزىگە ئۇۋال قىلغۇچى ئامما بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن.» [ئەنئام. 68]

بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا پاسىق ۋە بۇزۇقلار ئىنتايىن يېقىنچىلىق قىلغان، كۇندىلىك مۇئامىلىسى سىلىق-سىپايە، تىلى شىرىن بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار بىلەن بىللە ئاپاق چاپاق بولۇپ ئولتۇرۇپ

قويۇش  توغرا ئىش ئەمەس. بىراق ئۆلارنىڭ قىلمىشلىرىغا رازى بولۇپ سۈكۈت قىلماستىن تەربىيە ئىشلەش، باتىل (سۆز ھەركەتلىرىگە) رەددىيە بېرىش ۋە نارازىلىق بىلدۈرۈش مەقسىدىدە ئولتۇرۇپ قوپىدىغانلار بۇنىۋڭدىن مۇستەسنادۇر. ئاللاھ مۇنداق دىگەن ئىدى: «سىلەر ئۇلاردىن رازى  بولساڭلار (بۇ ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ). چۈنكى ئاللاھ پاسىق قەۋمدىن رازى بولمايدۇ.»  [تەۋبە. 96]

# نامازدا تەئدىل ئەركاننى تەرك ئېتىش

ئوغۇرلۇق جىنايەتلىرىنىڭ ئەڭ چوڭىدىن بىرى، نامازنى ئوغۇرلاشتۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق دىگەن ئىدى: «ئوغۇرلۇق جەھەتتە كىشلەرنىڭ ئەڭ ناچىرى، نامىزىدىن ئوغۇرلىغان كىشىدۇر.« ساھابىلەر سورىدى: ئوغرى نامىزىدىن قانداق ئوغۇرلايدۇ؟ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: نامىزىنىڭ نە روكۇ، نە سەجدىلىرىنى مۇكەممەل قىلمايدۇ. [ئىمام ئەھمەد]

تەئدىل ئەركاننى تەرك قىلىش ۋە روكۇ سەجدىدە گەۋدىسىنى تولۇق يەرلەشتۈرمەسلىك، ھەمدە رۇكۇدىن كۆتۈرۈلگەندە ۋە ئىككى سەجدە ئوتتۇرسىدىكى ئولتۇرۇشتا گەۋدىسىنى تۈز ۋە رۇس تۇتماسلىق قاتارلىقلار، كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلار ئىچىدە دېگۈدەك كۆزگە چېلىقماقتا ۋە نامىزىدا تەئدىل ئەركان قىلمايدىغان كىشلەرنىڭ

نەمۇنىسى ئۇچرىمايدىغان مەسجىد يوق دىيەرلىك.

تەئدىل ئەركان نېگىزلىق مەسىلە بولۇپ، ئۇنىڭسىز قىلىنغان ناماز سەھىھ بولمايدۇ. ئۇ موھىم مەسىلدۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقان ئىدى: «روكۇ ۋە سەجدىدە گەۋدىسىنى تۈپتۈز قىلمىغۇچىلىك، كىشىنىڭ نامىزى يېتەرلىك بولمايدۇ.» [ئەبۇ داۋۇد]

شۈبھىسىزكى بۇ ناتوغرا ئىش بولۇپ، سادىر قىلىپ قويغانلار (ئاللاھنىڭ) غەزىپى ۋە كايىشىغا دۇچار بولىدۇ. ئەبۇ ئابدۇللاھ ئەلئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ساھابىلەر بىرلىكتە ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر تۈركۈمى ئارىسىدا ئولتۇراتتى. بىرەيلەن كىرىپ ناماز ئوقۇشقا تۇردى. ئۇ سەجدىدە ئېگىلەتتى ۋە تۇمشۇقىنى تەككۈزەتتى. (بۇنى كۆرگەن) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم _ ئۇنى كۆردۈڭلارمۇ؟ بۇ (ئەھۋال) ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەن كىشى، مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتىدىن باشقىسى ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەن بولىدۇ. خۇددى قاغا قان چوقۇغاندەك ناماز ئوقۇۋاتىدىغۇ! شۈبھىسىزكى سەجدىدە ئېگىلىپ تۇمشۇقىنى تەككۈزۈپ قويغان كىشىنىڭ مىسالى خۇددى، پەقەتلا بىر ئىككى تال خورما يەپ ئاچ قالغان كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. (ئۇ بىر ئىككى تال خورما) ئۇ كىشىنى قانداقمۇ بىھاجەت قىلالىسۇن. [ئىبنى خۇزەيمە رىۋايەت قىلغان]

زەيد ئىبنى ۋەھبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشچە،

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رۇكۇ ۋە سەجدىنى مۇكەممەل قىلمايدىغان بىر كىشىنى كۆرۈپ مۇنداق دىگەن ئىدى. ناماز ئوقۇغان بولمىدىڭ، مۇبادا ئۆلۈپ كەتكەن بولساڭ، ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى خاراكتىرلەندۈرگەن ئىسلامدىن باشقا بىر نەرسە ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتىڭ. [بۇخارى]

نامازدا تەئدىل ئەركاننى تەرىك ئەتكەن كىشى، ئۇنىڭ ھۆكمىنى بىلگەن ھامان، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە پەرىزنى قايتا ئادا قىلىشى ۋە بۇرۇنقىسى ئۈچۈن ئاللاھتىن ئەپۇ سورىشى لازىم. بۇرۇنقى نامازلىرىنى قايتا ئوقۇشى كىرەك ئەمەس. شۇنداقلا بۇنىڭغا: «نامىزىڭنى قايتىلا! چۈنكى ناماز قىلغان بولمىدىڭ»- دېگەن ھەدىس دالالەت قىلىدۇ.

# نامازدا بىھۇدىلىك قىلىش ۋە تولا مىدىرلاش

بۇ چوڭ ئاپەت بولۇپ، كۆپلىگەن نامازخانلار خالى بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ: «ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا (يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار!» [بەقەر. 238] دىگەن بۇيرۇقىغا ئىزچىللاشمايۋاتىدۇ. ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ: «مۆئمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى. (شۇنداق مۆئمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر» [موئمىنۇن. 1-2] سۆزىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ، سەجدە قىلغاندا

يەرنى تۈزلەش ھەققىدە سورالغاندا، ناماز ئوقۇۋېتىپ سۈرتمە! ئەگەر سۈرتمىسەڭ بولمايدىغان بولسا، شېغىللارنى بىر قېتىم تۈزلىسەڭ بولىدۇ»- دىگەن. [ئەبۇ داۋۇد]

ئەھلى - ئىلىملەر (فىقھىشۇناسلار): كېرەكسىز ھالدا ئارقىمۇ- ئارقا تولا مىدىرلاشنىڭ نامازنى بۇزىدىغانلىقىنى قەيت قىلغان. ئۇنداقتا ئاللاھ تەئالانىڭ ئالدىدا تۇرۇپ نامازلىرىدا بىھۇدىلىك قىلغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى نىمە دىگۈلۈك. ئۇلار سائەتكە قارايدۇ، كىيىمنى تۈزەشتۈرىدۇ، بارمىقىنى بۇرنىغا تىقىدۇ، ئوڭ-سول تەرىپىگە، ئاسمانغا كۆزىنى يۈگۈرتىدۇ، كۆزى چوقۇلۇپ كېتىشتىن ئەنسىرەپمۇ قالمايدۇ. شەيتاننىڭ نامىزىدىن ئوغۇرلاپ كېتىشىدىن ئەندىشىسىمۇ يوق.

# ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ نامازدا قەستەن ئىمامنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشى

ئالدىراڭغۇلۇق ئەسلىدە ئىنساننىڭ تەبىئىتىدىكى بىر خۇسۇسىيەت بولغاچقا، «ئىنسان ئالدىراڭغىدۇر» [ئىسرائ . 11] دىيىلگەن، ھەمدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «تەمكىنلىك ئاللاھتىن، ئالدىراڭغۇلۇق شەيتاندىن»- دېگەن ئىدى. [بەيھەقى رىۋايەت قىلغان]

كىشى كۆپ ھاللاردا جامائەتتە تۇرىۋېتىپ ئوڭ ۋە سول تەرەپتىكى نۇرغۇن ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ، ھەتتا بەزىدە ئۆزىنىڭ ئىمامدىن

بۇرۇنراق روكۇغا كەتكەنلىكى، سەجدىگە باش قويغانلىقى ۋە ئۇمۇمەن يۆتكىلىش تەكبىرلىرى جەريانىدا ئىمامنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ۋە تېخى نامازدىن سالام بىرىشتە ئالدىراپ كەتكەـ نلىكنى كۆرىدۇ. كۆپۈنچە كىشلەر كۆڭۈل بۆلمىگەن بۇ قىلمىش توغرىسىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بىرىپ: «ئىمامدىن بۇرۇن بېشىنى كۆتۈرگەن كىشى، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ بېشىنى ئىشەكنىڭ بېشىغا ئايلاندۇرىۋىتىشىدىن قورقامدىغاندۇ!»ـ دىگەن ئىدى. [مۇسلىم]

نامازخاننىڭ نامازغا كېلىشتە تەمكىن ۋە سالماقلىق بىلەن كېلىشى تەلەپ قىلىنغان يەردە، ناماز ئىچىدە قانداقمۇ تەۋسىيە قىلىنمىسۇنكى ئۇ تەمكىنلىك!؟ بىر قىسىم كىشلەر «ئىمامنىڭ ئالدىغا ئىكتۈپ كېتىش بىلەن ئارقىسىدا قېلىش»نى تولۇق ئاڭقىرالمايدۇ. بىلىۋېلىش كىرەككى ، فىقھىشۇناس ئالىملار بۇ ھەقتە گۈزەل ئۇسۇلنى تىلغا ئالغان، ئۇ بولسىمۇ: ئىمامنىڭ تەكبىرى توختىغان ھامان ئىقتىدا قىلغان كىشى ھەركەتكە كىلىشى كىرەك، يەنى «ئاللاھۇ ئەكبەر»نىڭ «ر»سى توگىشىگە مۇقتەدى ھەركەتكە ئۆتىدۇ. بۇنۇڭدىن ئىلگىرلەپمۇ كەتمەيدۇ، ئارقىدىمۇ قالمايدۇ، شۇنۇڭ بىلەن ئىش تەرتىپلىك بولىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا كەتمەسلىككە (نامازدا)

ئاللاھىدە دىققەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بىرى بولغان بەرا ئىبنى ئازىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: شەكسىزكى ساھابىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئۆتەيتتى، ئۇ روكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە ، پېشانىسىنى زېمىنغا قويمىغىچىلىك ھېچكىمنىڭ ئۇچىسىنىڭ پەسلىگىنىنى كۆرمىدىم، ئاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئارقىسىدىكىلەر سەجدىگە باش قوياتتى. [مۇسلىم]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياشىنىپ ھەركىتىدە بىر خىل ئاستىلىق پەيدا بولغىنىدا ئارقىسىدىكى (جامائەتلەر)نى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دىگەن ئىدى: «ئى خالايىق! جىسمىم ياشلاندى، روكۇ ۋە سەجدىدە ئالدىمغا ئۆتۈپ كەتمەڭلار!» [بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.]

ئىمامنىڭ ئورۇندىشىغا تېگىشلىك بولغىنى، نامازدا تەكبىردىكى سۈننەتكە ئەمەل قىلىشىدۇر. ئۇ بولسىمۇ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە كەلگەن (ئۇسۇل): پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا تۇرغان ۋاقتتا ئورنىدىن قوپقاندا تەكبىر ئوقۇيتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن رۇكۇ قىلغاندا تەكبىر ئوقۇيتتى... ئۇنىڭدىن كېيىن ئېگىلگەندە تەكبىر ئوقۇيتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرگەندە تەكبىرئوقۇيتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن سەجدە قىلغاندا تەكبىر ئوقۇيتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرگەندە تەكبىر ئوقۇيتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن نامازنىڭ ھەممىسىدە تاكى

تۆگگەنگە قەدەر شۇنداق قىلاتتى ۋە ئولتۇرۇپ (تەشەھھۇد ئوقۇپ) بولغاندىن كېيىن ئىككى رەكئەتتىن قوپقاندا تەكبىر ئوقۇيتتى» [بۇخارى]

ئىمام تەكبىرنى ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىگە جۈپ تەڭپۇڭ شەكىلدە ئوقۇسا ۋە ئىقتىدا قىلغۇچى كىشى يۇقاردا سۆزلەنگەن ئۇسۇلغا ئۇيغۇنلىششقا دىققەت قىلسا، جامائەتنىڭ نامازلىرى ھەققىدىكى ئىشلىرى ياخشى بولىدۇ.

# پىياز ، سامساق ياكى سېسىق پۇراقلىق نەرسىنى يېگەن كىشىنىڭ مەسجىدكە كېلىشى

ئاللاھتائالا ئېيتتى: ئى ئادەم بالىلىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرەتلىرىڭلارنى سەترى قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار... [ئەئراف. 31]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى سامساق ياكى پىياز يېگەن بولسا بىزدىن ئۇزاق بولسۇن» ۋە ياكى مۇنداق دىگەن: (جابىر ئىككىلىنىپ قالغان) «بىزنىڭ مەسجىدىمىزدىن ئۇزاق بولسۇن!، ئۆيىدە ئولتۇرسۇن». [بۇخارى]

ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدىكى ھەدىستە: «كىمكى پىياز،

ساماساق، كۆدە(جۇسەي) يېسە مەسجىدىمىزگە يېقىنلاشمىسۇن! چۈنكى ئادەم ئوغۇللىرى (يەنى ئىنسان) بىئارامىلىق ھېس قىلىدىغان نەرسىدىن مالائىكىلەرمۇ بىئارامىلىق ھېس قىلىدۇ.» [مۇسلىم]

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر جۈمە كۈنىدە كىشىلەرگە نوتۇق سۆزلىگەن ۋە بۇ نوتقىدا مۇنداق دېگەن ئىدى: ... ئاندىن كېيىن ئى ئىنسانلار! سىلەر يەۋاتقان ئىككى دەرەخنى (ئەرەپچىدە ئۆسۈملۈك ۋە كۆكتاتلارنىمۇ دەرەخ دەپ ئاتاپ قويىدۇ) پەقەت ياقتۇرمايمەن. ئۇ بولسا پىياز ۋە ساماساقتىن ئىبارەتتۇر . رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەسجىدىدە بىر كىشىدىن ئۇ (پىياز ۋە ساماساق)نىڭ پۇرىقىنى بايقاپ، «بەقىيئ»غا چىقىرىلىشقا بۇيرۇق قىلغان ۋە چىقىرىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. كىمكى ئۇنى يېسە پىشۇرغان ھالدا يېسۇن. [مۇسلىم]

قولتۇقلىرى ۋە پايپاقلىرىدىن قاڭسىق پۇراقلار تەپچىپ تۇرۇغلۇق، ئىشتىن چۈشۈپلا شۇ پېتى مەسجىدلەرگە كىرىدىغانلارمۇ بۇ قاتارغا كىرىدۇ. ئۇنۇڭدىنمۇ ناچارراقى شۇنداق بەڭگىلەركى، ھارام تاماكىنى قوللىنىدۇ ۋە ئارقىدىن مەسجىدلەرگە كىرىپ پەرىشتىلەر ۋە ناماز ئوقۇغۇچى ئىنسانلاردىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنى بىئارام قىلىدۇ.

# زىناخورلۇق

شەرىئەتنىڭ ئاداققى نىشانلىرى ئىچىدە ئىپپەت-نۇمۇسنى قوغداش، نەسىلنى ساقلاپ قېلىش بولغاچقا، زىناخورلۇق قىلىش هارام قىلىنغان.

ئاللاھ تەئالا ئېيتىدۇ: «زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر. ناچار يولدۇر» [ئىسرا. 32]

ھەتتا شەرىئەت يۈگىنىش، كۆزنى يۇمۇشقا بۇيرۇش، نامەھرەم ئايال بىلەن يالغۇز تۇرۇشنى هارام قىلىش قاتارلىق زىناغا ئېلىپ بارىدىغان يوللارنى ۋە بارلىق ۋاستىلەرنىڭمۇ ئالدىنى ئالغان.

نىكاھلانغان زانى ئەڭ قەبىھ ۋە ئەڭ قاتتىق ئازاپ بىلەن جازالاندۇرىلىدۇ، ئۇ بولسا قىلمىشىنىڭ ئۇۋالىنى تېتىسۇن ۋە بەدىنىنىڭ ھەر بىر پارچىسى هارامدا هوزۇرلانغاندەك، ئاغرىق، دەرت چەكسۇن ئۈچۈن ئۆلگەنگە قەدەر تاش بىلەن ئۇرۇشتۇر. يوللۇق بىر نىكاھتا جىنسى مۇناسىۋەت قىلىپ باقمىغان زانى، ئوچۇق بەدىنىگە قامچا يەيدۇ، ئۇ بولسا «شەرىئەتنىڭ تەن جازاسى» بويىچە يۈز قامچا ھەمدە بىر يىللىق مۆئمىننىڭ ئۇنىڭ ئازاپلىنىشىنى كۆرىشى بىلەن شەرمەندە بولۇش، يۇرتىدىن سۈرگۈن قىلىنىپ، جىنايەت ئىشلىگەن يەردىن پۈتۈنلەي پالىنىپ رەسۋا بولۇش.

زىناخور ئەر-ئاياللارنىڭ بەرزەخ ئالىمىدىكى ئازابى شۇكى: چوقۇم

ئۇلار ئۇستى تار، ئاستى كەڭ، ھەمدە ئاستىدىن ئوت كۆيۈپ تۇرىدىغان تونۇردا يالىڭاچ تۇرىدۇ. ئوت كۆيگەندە چىرقىراپ، چالۋاقاپ چوقان كۆتىرىدۇ، يۇقۇرىغا ئۆرلەپ چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالىدۇ. ئوت ئۆچۈرۈلگەن چاغدا قايتىدۇ. تاكى قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئۇلارغا شۇنداق قىلىنىدۇ.

قېرىغان، بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان تۇرۇپ ۋە ئاللانىڭ مۆھلەت بىرىشى (تەۋبە قىلىۋېلىشىغا پۇرسەت بېرىشى) ئەھۋالى ئاستىدىمۇ زىناغا يېقىنلاشقان بولسا ەۇناھىنىڭ قەبىھلىكى قەبىھلىكى تېخىمۇ ئاشىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرپۇئ رەۋىشتە شۇنداق رىۋايەت قىلىنغان. «ئۈچ (تۈرلۈك) كىشى باركى ئاللاھ تەئالا قىيامەت كۈنى گەپ قىلمايدۇ، گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىپ پاكىزلىمايدۇ ۋە نەزەر سالمايدۇ. ئۇلارغا دەرت ئەلەملىك ئازاپ بار. (ئۇلار) زىناخور قېرى، يالغانچى پادىشاھ، ھاكاۋۇر، تەييار تاپ (باشقىلارغا يۈك بولىۋالغۇچى)» [ئىمام مۇسلىم]

كىرىم تاپاۋەتنىڭ ئەڭ يامىنى زىنا بەدىلىگە ئالىدىغان پاھىشە پۇلى بولۇپ زىناخور خوتۇن شۇنداق بىر خوتۇنكى كېچە يېرىمدا، ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلغان چاغدا (ئىبادەت قىلىش) چاقىرىقىغا بىرىشتىن مەھرۇم ھالدا پەرجى (ئەۋرىتى) بىلەن يۈگرەپ يۈرىدۇ. [سەھىھۇل جامى]

يوقسۇل ۋە كەمبەغەللىكى ئاللاھنىڭ قانۇن-چىگرالىرىنى

بۆسۇشكە، شەرتسىز ھالدا شەرئەت باھانە ئەمەس. شۇنداق بىر ماقال تەمسىل بار. «ئازاد ئايال ئاچ قالسا قالدۇكى، ئەمچىكىگە تايىنىپ قورساق تويغۇزمايدۇ.» ئۇنداقتا ئەۋرىتىگە تايىنىپ جان بېقىش قانداقمۇ توغرا بولسۇن.

دەۋرىمىزدە پاھىشىگە ھەرقانداق ئىشىك ئېچىلدى. شەيتان ئۆزى ۋە قوشۇنلىرىنىڭ ھىيلىسى بىلەن ئۇنى ئوڭايلاشتۇردى. ئاسىي، گۇناھكار، بۇزۇق ئاياللار ئەگەشتى. ئوچۇق ۋە يېرىم ياتا كىيىنىش ئىشلىرى يامرىدى. كۆز يۇگرەپ كېتىش ۋە ھارام بېقىش ئومۇملاشتى. ئۆز-ئارا (ئەر ئايال) ئارلىشىش ئەۋج ئالدى. سېرىق ژۇرناللار ۋە پاھىشە فىلىملىرى يامراپ كەتتى. بۇزۇقچىلىق رايۇنلىرىغا بېرىش كۆپەيدى. پاھىشە تىجارىتى بازىرى قۇرۇلدى. ئىپپەت-نۇمۇس تۆكۈلۈش ئېشىپ كەتتى. ھارامدىن بولغان (دادىسى نامەلۇم) باللارنىڭ سانى ئاشتى. (قورساقتىكى) بوۋاقنى (چۈشۈرۈپ) ئۆلتۈرۈش ئىشلىرى زورايدى. ئى ئاللاھىم! ئۆزۈڭنىڭ رەھىم ۋە شەپقەت پەردەڭنى تىلەيمىز. ھوزۇرىڭدا (گۇناھتىن) مەسۇم بولغان كىشلەر ۋاستىسى بىلەن بىزنى بۇزۇق ئىشلاردىن ساقلىغايسەن! قەلبىمىزنى پاكىزلىشىڭ ۋە ئەۋرەتلىرىمىزنى (گۇناھتىن) ساقلاپ قېلىشىڭنى ۋە بىز بىلەن ھارام ئوتتۇرىسدا توسالغۇ ۋە ئادا-جۇدالىق بەرپا قىلىشىڭنى تىلەيمىز.

# بەچچىۋازلىق

لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ جىنايىتى، ئىنسانلار ئىچىدىن ئەرلەرگە يېقىنچىلىق قىلىش ئىدى. ئاللاھ ئېيتتى: «لۇتنى (قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق) ئەينى ۋاقىتتا ئۇ قەۋمىگە ئېيتتى «سىلەر ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشنى قىلىۋاتىسىلەر، سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن بىرمۇ كىشى مۇنداق قەبىھ ئىشنى قىلغان ئەمەس» [ئەنكەبۇت. 28]

بۇ جىنايەت (گۇناھ)نىڭ رەزىل، قەبىھ ۋە خەتەرلىك بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئاللاھ، ئۇنى ئىشلىگۈچىلەرنى باشقا ھېچبىر قەۋمگە بىر يولى ئەۋەتمىگەن تۆت تۈرلۈك ئازاپ بىلەن جازالىدى. ئۇ بولسا، كۆزلىرىنى ئۆچۈرىۋەتتى، (كۆزلىرىنى) ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتى، تىزىلغان ساپال تاش ياغدۇردى. ۋە (بىرخىل) ئاۋاز ئەۋەتتى.

بۇ شەرىئەتتە ـ كۈچلۈكرەك پىكىرگە ئاساسەن، بەچچىۋازلىق قىلغۇچى ۋە بەچچىۋازلىق قىلدۇرغۇچى ئۆز ئىختىيارى ۋە ئىستىگى بىلەن بۇ قىلمىشنى ئىشلىگەن بولسا قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈش تۈزۈمى بار. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرفۇئ رەۋىشتە شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: لۇت قەۋمىنىڭ قىلغىنىنى قىلغان كىشىنى تاپساڭلار، بەچچىۋازلىق قىلغۇچى ۋە بەچچىۋازلىق قىلدۇرغۇچىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاڭلار! [ئىمام ئەھمەد]

دەۋرىمىزدە زىنا-پاھىشە تۈپەيلى كۆرۈلىۋاتقان، ئۆتمۈشتىكىلەر-

ده ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان تۈرلۈك كېسەللىكلەر ۋە «ئەيدىس» كە ئوخشاش ۋابالارنىڭ پەيدا بولۇشى مەزكۇر شەكىلدىكى تېگىشلىك جازانى تەيىنلەشتىكى پەلسەپىنىڭ ھېكمىتىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ.

## ئايالنىڭ شەرئى بىر باھانىسى يوق ھالدا ئېرىنىڭ ياتىقىدىن يۈز ئۆرۈشى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىشى ئايالىنى ياتىقىغا چاقىرغان چاغدا، ئايال ئۇنىمىسا ۋە ئېرى ئاچچىقلانغان ھالدا تاڭ ئاتقۇزسا، تاڭ ئاتقانغا قەدەر پەرىشتىلەر ئايالغا لەنەت ئوقۇيدۇ. [بۇخارى]

نۇرغۇن ئاياللار ئېرى بىلەن تاكاللىشىپ قالغىنىدا (ئۆز خاھىشى بويىچە) ئېرىنىڭ ياتاقتىكى ھەققىنى چەكلەش ئارقىلىق قارشىلىق قىلىدۇ. گاھى بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئېرىنىڭ ھارام (زىنا) غا چۈشۈپ قېلىشىدەك چوڭ بۇزۇقچىلىقلار مەيدانغا كېلىدۇ. بەزىدە ئىشلار ئايالنىڭ زىيىنىغا قاراپ تەتۈر ماڭىدۇ ۋە ئېرى جىددى ھالدا ئۇنۇڭ ئۈستىگە (يەنە بىر) ئايالنى ئېلىشقا باش قاتۇرىدۇ.

ئايالنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئىزچىللىشىش ئۈچۈن،

ئىرى چاقىرغان ھامان ماقۇل بولۇشقا ئالدىرىشى لازىم. «كىشى ئايالىنى ياتىقىغا چاقىرغاندا دەرھال ماقۇل بولسۇن، گەرچە چوم (تۆگىنىڭ نوقتىسى) ئۈستىدە بولغان بولسىمۇ» [سەھىھۇلجامى]

ئەرمۇ ئايالى كىسەل، ھامىلە ياكى قىيىن ئەھۋالدا بولغىنىدا ئىناقلىق داۋاملاشسۇن ۋە زىددىيەت تۇغۇلمىسۇن ئۈچۈن ئۇنىڭغا كۆيۈنۈشى كېرەك.(شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئايالىنىڭ تەلىۋىگە ئېرىمۇ قۇلاق سېلىشى ۋە ئايالىغا قارىتا بۇرچىنى قايىدا ئادا قىلىشى كېرەك. (تەرجىماندىن)

## ئايالنىڭ شەرئى بىر سەۋەپ بولمىغان ئەھۋالدا، ئېرىدىن سۆزىنى بىرىشنى تەلەپ قىلىشى

نۇرغۇن ئاياللار كىچىككىنە تاكاللىشىپ قالغان ھامان ئىرىدىن سۆزىنى بىرىشنى تەلەپ قىلىشقا ئالدىرايدۇ، ياكى كۆڭلىگە ياققان بىر نەرسىنى بەرمىسىلا ئىرىگە «سۆزۈمنى بەر» دەپ تۇرىۋالدۇ. گاھىدا (ئۇ ئايال) پىتنە-پاسات سەۋەبىدىن، ئۇرۇق- تۇغقان، خۇلۇم خوشنىلىرى تەرىپىدىن كۆزگە ئىلىنمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ نىرۋىسىنى قوزغايدىغان ئىبارىلەر بىلەن ئىرىگە پوپۇزا قىلىدۇ. مەسىلەن: «ئەركەك بولىدىغان بولساڭ سۆزۈمنى بەر» دىگەنگە ئوخشاش.

مەلۇم بولغىنىدەك چوقۇمكى تالاقىا ئائىلىنىڭ بۇزۇلىشى، پەرزەنتلەرنىڭ يىتىم قېلىشىدىن ئىبارەت بۇزۇلۇشلار ئەگىشىپ كىلىدۇ.

پۇشايمانىنىڭ ھېچ پايدىسى بولمايدىغان ۋاقىتتا قايغۇرۇشقا باشلايدۇ. بۇ ۋە باشقا ئامىللار سەۋەبىدىن شەرىئەتنىڭ ئۇنى ھارام قىلىشىدىكى سىر تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرفۇئ رەۋىشتە شۇنداق رىۋايەت قىلىنغان. « قايسىدۇر بىر ئايال سەۋەپسىز ھالدا ئېرىدىن سۆزىنى بىرىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ پۇرىقى ھارامدۇر» [ئىمام ئەھمەد]

ئوقبەبىن ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرفۇئ رەۋىشتە شۇنداق رىۋايەت قىلىنغان. «ھولۇ(پۇل مال بەدىلىگە ئېرىدىن ئاجرىششنى تەلەپ قىلىش) قىلغان ۋە ئاجرىششنى تەلەپ قىلغان ئاياللار مۇناپىق ئاياللاردۇر.» [تىبرانى رىۋايەت قىلغان]

بىراق ئەردە، شەرىئەتتە يوللۇق دەپ قارالغان بىرەر سەۋەپ تېپىلسا، مەسلەن: بىھايالىق، داۋاملىق ھاراق ئىچىش، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئىستىمال قىلىش ياكى ئايالنى ھارام ئىش قىلىشقا زورلاش، قىيناپ زۇلۇم قىلىش، شەرئى ھەق-ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىش، نەسىھەت قوبۇل قىلماسلىق، ھەمدە ئايالنىڭ تۈزىتىشكە چارە تاپالماسلىقىدەك سەۋەپلەر بولغاندا ئايال، دىنىنى ۋە ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئاجىرشىپ كىتىشنى تەلەپ قىلسا بۇ ۋاقىتتا ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ.

# زىھار قىلىش

ئۇ، بۇ ئۇممەتتىكى ئۆتمۈشكە مەنسۇپ قالاق، ۋە كەڭ تارقىلىپ كەتكەن سۆزلەرنىڭ بىرى. مەسىلەن: ئەر ئۆزىنىڭ ئايالىغا «سەن مىنىڭ ئۈچۈن ئانامنىڭ ئۈچىسىغا ئوخشايسەن» ، «سەن ماڭا ھەمشىرەمنىڭ ھارام بولغىنىدەك ھارامسەن» ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان قوپال سۆزلەردىن ئىبارەت. شۇڭا بۇ ئايالغا زۇلۇم قىلىشتىن ئىبارەت ناچارلىق بولغىنى ئۈچۈن شەرىئەت ھارام قىلغان ئىدى.

ئاللاھ ئۇنى ئۆزىنىڭ مۇنۇ ئايىتى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن: «سىلەردىن ئاياللىرىنى زىھار قىلغانلارنىڭ (يەنى ئاياللىرىنى ئانىلىرىمىزنىڭ ئۈچىلىرىغا ئوخشاش دىگۈچىلەرنىڭ) ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرى ئەمەستۇر. پەقەت ئۇلارنى تۇغقان ئاياللارلا ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر. ھالبۇكى ئۇلار (يەنى زىھار قىلغۇچىلار) ئەلۋەتتە يامان سۆزنى، يالغان سۆزنى قىلىدى. ئاللاھ شەك-شۈبھىسىزكى (تەۋبە قىلغۇچىنى) ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.» [مۇجادىلە. 2]

ئىسلام شەرىئىتى ئۇنىڭ كاپارىتىنى، سەھۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ سېلىشنىڭ كاپارىتىگە ئوپمۇ-ئوخشاش ۋە روزا تۇتقان كۈندە جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەننىڭ كاپارىتىگە يېقىن بەلگۈلىگەن. زىھار قىلغۇچى كىشى كاپارەت بەرمىگۈچىلىك ئايالىغا يېقىن كىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئاللاھتائالا ئېيتقان ئىدى: «ئاياللىرىنى زىھار

قىلىپ، ئاندىن قىلغان سۆزىگە (يەنى زىھار قىلغانلىقىغا) پۇشايمان قىلغانلار، (ئەر-ئايال ئىككىسى) يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى بىر قۇلنى ئازاد قىلىشى لازىم. بۇنىڭ بىلەن سىلەرگە ۋەز نەسىھەت قىلىنىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر. (ئازاد قىلىشقا قۇلى يوق، ياكى سېتىۋېلىپ ئازاد قىلىشقا پۇلى يوق ئادەم) ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇدا ئىككى ئاي روزا تۇتۇشى لازىم. (قېرىلىق ياكى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن روزا تۇتۇشقا) قادىر بولالمىغان ئادەم (60 مىسكىنگە بىر ۋاقىت تاماق بېرىشى لازىم) بۇ (ئەھكام) ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (ئەمىر قىلغان ئىشلارغا) تەستىق قىلىشىڭلار ئۈچۈن (بايان قىلىندى). بۇلار ئاللاھنىڭ قانۇنىدۇر. (بۇ قانۇننى) ئىنكار قىلغۇچىلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. [مۇجادىلە. 3-4]

## ھەيز مەزگىلىدە ئايالى بىلەن جىنسى ئالاقە قىلىش

ئاللاھتائالا ئېيتتى: «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ھەيز توغۇرلۇق (يەنى ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسى ئالاقە قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقى ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرۇلۇق) سورايدۇ. ئېيتقىنكى ‹ھەيز زىيانلىقتۇر، (يەنى ھەيز مەزگىلىدە جىنسى ئالاقە قىلىش، ئەر-خوتۇن ھەر ئىككىلىسىگە زىيانلىقتۇر) ھەيز مەزگىلىدە

ئايالىقلاردىن نېرى تۇرۇڭلار، پاك بولغۇچە  ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار.»  [بەقەرە. 222]

ئايال پاك بولغاندىن كېيىن غۇسلى قىلمىغۇچىلىك يېقىن كېلىش توغرا ئەمەس، چۈنكى ئاللاھ مۇنداق دىگەن ئىدى: «پاك بولغاندا ئۇلارغا ئاللاھ  بۇيرىغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلانى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ.» [بەقەرە. 222]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ سۆزى مەزكۇر گۇناھنىڭ قەبىھلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «كىمكى ھېيىزدار ئايالغا ياكى ئايالنىڭ ئارقىسىغا يېقىن كەلسە ياكى رەمبالغا بارسا مۇھەققەقكى، مۇھەممەدكە نازىل قىلىنغان نەرسە (قۇرئان)غا تانغان بولىدى.» [تىرمىزى]

# ئايالنىڭ ئارقىسىغا يېقىن كىلىش

ئاز بىر قىسىم ئىمانىي قىسقىلار، ئايالنىڭ ئارقىسىغا يېقىن كېلىشتىن تارتىنمايدۇ. ھالبۇكى ئۇ چوڭ گۇناھلارنىڭ بىرىدۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاشۇنداق قىلغانلارنى قارغىغان ئىدى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرفۇئ رەۋىشتە

رىۋايەت قىلىنىشچە «ئايالنىڭ ئارقىسىغا كەلگەن ئادەم لەنەتتەككۇردۇر.» [ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى]

ساغلام خاراكتېرگە ئىگە نۇرغۇن ئايالالر ئۇنىڭغا نارازى بولغان بولسىمۇ لېكىن بەزى ئەرلەر (ئاشۇنداق قىلمىسا) سۆزىنى بېرىۋېتىش بىلەن تەھدىت سالىدۇ. يەنە بەزىلەر ئەھلى ئىلىملەردىن (ئۇنى) سوراشقا خىجىل بولىدىغان (بىچارە) ئايالىنى ئالدايدۇ ۋە ئالالاھتائاالانىڭ «ئاياللىرىڭالر سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر،(يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر) ئېكىنزارلىقىڭالرغا خالىغان رەۋىشتە كىلىڭالر!» ئايىتىنى شىپى كەلتۈرۈپ، قىلمىشىنى ھاالالدىكىدەك تۈس بېرىپ چۈشەندۈرىدۇ.

ھەدىس-شەرىفنىڭ قۇرئان-كەرىمنى ئىزاھاليدىغانلىقى (ھەممىگە) ئايان، ھەدىستە كېلىشىچە رەسۇلۇلالاھ، باال تۇرىدىغان يەر (رەھمى) بولۇش شەرتى ئاستىدا ئالدى تەرەپتىن ياكى ئارقا تەرەپتىن بولسۇن، خالىغان شەكىلدە كىلىشنىڭ جائىز بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. ئارقا تەرەت يېرى بولسا باال تۇرىدىغان يەر ئەمەسلىكى مەلۇملۇق.

بۇنداق قەبىھ گۇناھنىڭ ئاساسلىق سەۋەپلىرىدىن بىرى بولسا ھاياسىز سېرىق كىنولارنى كۆرۈشتۇر، مەلۇم بولغىنىدەك بۇ قىلىق گۇناھتۇر. ھەتتا ئىككى تەرەپ پۈتۈشكەن تەقدىردىمۇ. چۈنكى ھارامغا رازى بولۇش ئۇنى ھاالاللاشتۇرمايدۇ.

# ئاياللىرى ئارىسىدا ئادىل بولماسلىق

ئاياللار ئارىسىدا ئادىل بولۇش ئاللاھ تائالا ئۇلۇغ كىتابى قۇرئاندا تەۋسىيە قىلغان بۇيرۇقلارنىڭ بىرى. ئاللاھ مۇنداق دىدى: «قانچە تىرىشساڭلارمۇ ئاياللىرىڭلارغا (مۇھەببەت ۋە دىلنىڭ مايىللىقىدا) باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشقا ھەرگىز قادىر بولالمايسىلەر. شۇنۇڭ ئۈچۈن بىرىسىگە پۈتۈنلەي مايىل بولۇپ، ئىككىنچىسىنى (ئېرى باردەكمۇ ئەمەس، يوقتەكمۇ ئەمەس) ئېسىپ قويۇلغان ئايالدەك تاشلاپ قويماڭلار. ئەگەر (بۇ جەھەتتىكى قۇسۇرلىرىڭلارنى) تۈزەتسەڭلار (يەنى ئۇلارغا ئۇۋال قىلىشتىن) ساقلانساڭلار، ئاللاھ ئەلۋەتتە (سىلەرگە) مەغپىرەت قىلىدۇ. رەھىم قىلىدۇ. [نىسا. 129]

تەقەززا قىلىنغان ئادالەت بولسا تۆرمۇش توغرىسىدا بولۇپ، ھەربىر ئايالغا خەجلەيدىغان چىقىم ۋە كىيىم-كېچەكنى ھەقلىق ھالدا قامداش ۋە (بىللە) ئۇخلاشتا ئادىل بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. قەلبنىڭ مۇھەببىتىدە ئادىل بولۇش شەرت ئەمەس. چۈنكى بەندە قەلبكە ئىگە بولالمايدۇ.

بەزى كىشىلەرنىڭ بىردىن كۆپ ئايالى بولغىنىدا، بىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، يەنە بىرى بىلەن كارى بولمايدۇ. بىرىنىڭ يېنىدا تولا ياتىدۇ ياكى كۆپرەك خەجلەپ بېرىدۇ ۋە يەنە بىرىنى تاشلاپ قويىدۇ. بۇ

بولسا ھارامدۇر. ئۇنداق كىشى قىيامەت كۈنى شۇنداق بىر ھالدا كېلىدۇكى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ سۇپەتلەپبېرىلگەن. ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلىدۇ. «كىمكى ئىككى خوتۇنى بولۇپ ئۇلارنىڭ بىرىگە مايىللىق قىلسا، قىيامەت كۈنى ياتىسى مايماق ھالدا كېلىدۇ.» [ئەبۇ داۋۇد]

# يات ئايال بىلەن پىنھان يەردە يالغۇز قېلىش

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئۆزىنىڭ مونۇ سۆزى ئارقىلىق بىزنى ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. «ئى مۆئمىنلەر! شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭلار، كىمكى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىدىكەن شەيتان ئۇنى قەبىھ (سۆز-ھەركەت)كە يامان ئىشلارغا بۇيرىيدۇ.» [نۇر. 21]

شەيتان ئادەم ئوغلى (ئىنسان)نىڭ قان ئاقىدىغان تومۇرىدا ئاقىدۇ. يات ئايال بىلەن يالغۇز قېلىش، شەيتاننىڭ زىنا-پاھىشىگە چۈشۈرىشىدىكى يوللىرىنىڭ بىرى. شۇڭلاشقا شەرىئەت بۇ يولنى ئىتتىۋەتكەن ئىدى. مەسىلەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسىدىكىدەك «بىرئەر بىر ئايال بىلەن يالغۇز بولىدىكەن ئۈچىنچىسى شەيتاندۇر.» [تىرمىزى]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى. ئۇ

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقان ئىدى. «بۇ كۈنۈمدىن كېيىن ھېچبىرئەر، يالغۇز ئايالنىڭ يېنىغا كىرمىسۇن. لېكىن بىر ئەر ياكى ئىككى ئايال بىلەن بىللە بولغان ھالدا كىرىش بۇنىڭدىن مۇستەسنا.» دېمەك ئەر ئۈچۈن ئۆيدە ياكى ھوجرىسىدا ۋە ياكى ماشىنىدا يات (نامەھرەم) ئايال بىلەن ئايرىم قېلىشى جائىز ئەمەس. مەسلەن: بىر تۇغقىنىنىڭ ئايالى، مالاي،(خىزمەتچى ئايال) ياكى ئەر دوختۇر بىلەن بىللە كىسەل ئايالنىڭ يالغۇز قېلىشى، قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا ئىشەنچ قىلىپ بۇ ھەقتە سەل قارايدۇ، نەتىجىدە بۇنىڭغا، زىناغا چۈشۈپ قېلىش ياكى ئۇنىڭ مۇقەددىمىلىرىگە يېتىپ بېرىش ئەھۋالى ئەگىشىدۇ ۋە نەسەپلەر ئارلىشىپ كېتىش خاپىلىقى، ھارامدىن بولغان باللار كۆپپىيدۇ.

# يات ئايال بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش

يات (نامەھرەم) ئايال بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش، جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائى ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان بولۇپ ئاللاھنىڭ شەرىئىتى (قانۇنى)غا قارىتا ھەددىدىن ئاشقانلىقتۇر، ئىنسانلارنىڭ باتىل ئادەتلىرى ۋە ئۇلارنى دوراشلار، ئۇنىڭ ھۆكمىدىن

ھالقىپ كەتكەن مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرىگە شەرىئەت ھۆكمى بىلەن گەپ قىلىپ دەلىل كەلتۈرسىڭىزمۇ ۋە پاكىت ئوتتۇرىغا قويسىڭىز سىزنى خۇراپى، كونا ئېقىمچى، سىيلە-رەھىمنى ئۈزگەن (تۇغقانچىلىقنىڭ يۈز-خاتىرسىنى قىلماي ئېتىراز بىلدۈرگەن) ۋە يامان گۇمانلاردا بولغان ۋەھەكازالار بىلەن بۆھتان قىلىدۇ.

بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە تاغا ۋە ھامىمىنىڭ قىزلىرى، ئىنىسىنىڭ ئايالى، تاغىسىنىڭ ئايالى ۋە ئانا تەرەپتىن تاغىسىنىڭ ئايالى قاتارلىقلار بىلەن قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشۈش، سۇ ئىچكەندەكلا ئوڭاي ھالغا كەلدى. مۇبادا ئۇلار ئەقىل كۆزى بىلەن ئىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرەلىگەن بولسا ئىدى، ئۇنداق قىلمىغان بولاتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقان ئىدى: «سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ بېشىغا تۆمۈر يىڭنە سانچىش، ھالال بولمايدىغان (نامەھرەم) بىر ئايالنى تۇتۇشتىن ياخشىراقتۇر.» [تىبرانى رىۋايەت قىلغان]

بۇنىڭ قول زىناسى ئىكەنلىكىدە شەك يوق، چۈنكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقان ئىدى: «ئىككى كۆز زىنا قىلىدۇ، ئىككى قول زىنا قىلىدۇ، ئىككى پۇت زىنا قىلىدۇ ۋە ئەۋرەت زىنا قىلىدۇ.» [ئىمام ئەھمەد] بۇ يەردە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بەكرەك قەلبى پاكىز كىشى بارمۇ؟ (ھەرگىزمۇ يوق) شۇنداق تۇرۇقلۇق رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دىگەن ئىدى. «مەن ئاياللار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەيمەن.» [ئىمام ئەھمەد] ۋە يەنە مۇنداق دېگەن ئىدى: « مەن ئاياللارنىڭ قوللىرىنى تۇتمايمەن.» [تىبرانى]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ شۇنداق دىگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. «ئەزىبىرايى خۇدا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قولى(نامەھرەم) ھېچبىر ئايالنىڭ قولىغا تەگمىگەن ئىدى. پەقەت ئۇ ئاياللاردىن سۆز ئارقىلىق بەيئەت ئالاتتى.» [مۇسلىم].

دىققەت: سالىھ ئاياللىرىنى «ئىنىلىرىم بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمىسەڭ سۆزۈڭنى بىرىمەن» دەپ تەھدىت سالىدىغان ئادەملەر خۇدادىن قورقسۇن! توسالغۇ قويۇپ (پەلەي ياكى پەردىدەك) رەخت ئۈستىدىن قول ئېلىشىپ كۆرۈششمۇ ھېچ نەرسىگە دال بولالمايدۇ.

# ئاياللارنىڭ ئەرلەرنىڭ يىنىغا چىققاندا ۋە ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ئەتىر بىلەن خۇشپۇراق ئىشلىتىشى

بۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قاتتىق ئاگاھلاندۇرىشىغا قارىماي دەۋرىمىزدە ئەۋج ئېلىپ كەتكەن ئىشلارنىڭ بىرى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق

دىگەن ئىدى: «قايسىدۇر بىر ئايال ئەتىر سۈركەپ، ئاندىن كىيىن پۇرىقى يەتسۇن ئۈچۈن بىر قەۋمنىڭ يېنىدىن ئۆتسە ئۇ زانىدۇر.» [ئىمام ئەھمەد]

بەزى ئاياللاردىكى بىخۇدلۇق، سەلقاراش ئۇلارنى شوپۇر، پىركازچىك ۋە مەكتەپ دەرۋازىۋەنلىرى يېنىدا بۇ ئىشنى ئاددى ھىساپلايدىغان قىلىپ قويىدى. تېخى شەرىئەت ئەتىر سۈركىگەن ئايالنىڭ سىرتتقا چىقماقچى بولغىنىدا ھەتتا مەسجىدكە بولسىمۇ، بەئەينى جىنابەتتىن غۇسلى قىلغاندەك غۇسلى قىلىشنى بىكىتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىدى: «قايسىدۇر بىر ئايال خۇشپۇراق ئىشلىتىپ ئاندىن كىيىن پۇرىقى پۇرالسۇن ئۈچۈن مەسجىدكە چىقسا، جىنابەتتىن غۇسلى قىلغاندەك غۇسلى قىلمىغۇ- چىلىك نامىزى مەقبۇل بولمايدۇ.» [ئىمام ئەھمەد]

توي-تۆكۈنلەردىكى پۇراقلار ۋە ئۇد (بىر خىل چالغۇ) ئايالالارنىڭ ئۇ يەرگە چىقىشتىن بۇرۇنقى يىغىلىشلىرى ۋە بازارلاردا قاتناش ۋاستىلىرىدا ئۆتكۈر پۇراقلىق ئەتىرلەرنى ئىشلىتىشى، (ئەر-ئايال) ئارلاش سورۇنلار ھەتتا رامىزان كېچىلىرى مەسجىدلەردىكى بۇ ئەھۋاللاردىن ئاللاھقا دەرت تۆكىمەن.

شەرىئەتتە بويىچە ئېيتقاندا «ئاياللارنىڭ خۇشپۇرىقى، رەڭگى بار، پۇرىقى يەڭگىل» بولسا بولىدۇ. ئاللاھتىن ئۇلارغا غەزەپ قىلماسلىقنى تارتماسلىقنى ۋە سالىھ ئەر-ئاياللارنى ئەخمەق ئەر-

ئاياللار تۈپەيلى جازالىماسلىقىنى شۇنداقلا ھەممەيلەننى ئۆزىنىڭ «سىرات مۇستەقىم» يولىغا ھىدايەت قىلىشىنى تىلەيمىز.

# ئايال كىشىنىڭ مەھرەمسىز ھالدا سەپەرگە چىقىشى

ئىككى سەھىھ كىتاب (بۇخارى ۋە مۇسلىم) دا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: « ئايال كىشى مەھرەمسىز سەپەرگە چىقمايدۇ» بۇ ھۆكۈم ھەج سەپىرىگە قەدەر بارلىق سەپەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئايالنىڭ مەھرەمسىز سەپەر قىلىشى پاسىقلارنى ۋەسۋەسىگە چۈشۈرىدۇ، ئۇلار بۇ كۈچسىز ئايالغا چېقىلىدۇ، بەزىدە يامان ئىش قىلىپ قويىدۇ. ئەڭ ئاز دېگەندە ئۇنىڭ ئىپپەت-نومۇسى، ئابرۇيىغا دەخلى تەرۇز يەتكۈزىدۇ.

شۇنداقلا ئايالنىڭ بىر مەھرەم تەرىپىدىن ئۇزۇتۇلۇپ يەنە بىر مەھرەمنىڭ قارشى ئېلىشى ئۈچۈن (مەھرەمسىز) ئايرۇپىلانغا ئولتۇرۇشىمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا كىم ئولتۇرىشى نامەلۇم. مۇبادا كىلىشمەسلىك يۈز بېرىپ ئايرۇپىلان باشقا بىر ئايرودرۇمغا قونسا ياكى كېچىكىپ كەلسە، ۋاقىت ئالماشسا ئەھۋال

قانداق بولىدۇ؟ (گەپ قىلساق) قىسسە تولا. مەھرەم بولۇش ئۈچۈن تۆرت تۈرلۈك شەرت لازىم. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

مۇسۇلمان بولۇشى. بالاغەتكە يەتكەن بولىشى. ئەقلى ھوشى جايىدا بولىشى، ۋە ئەر-ئايال بولىشى. بەئەينى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئېيتقىنىدەك: « ئايالنىڭ ئاتىسى ياكى ئوغلى ياكى ئېرى، ياكى ئەر بىر تۇغقىنى، ياكى ئۆزىنىڭ بىر مەھرەم ئىگىسى».

# يات ئايالغا تىكىلىپ قاراش

ئاللاھ تەئالا ئېيتتى: «مۆئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن. مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر. ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر» [نۇر. 30]

ۋە يەنە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ مۇنداق دىگەن ئىدى: «كۆز زىناسى قاراشتۇر» (يەنى ئاللاھ قاراشنى ھارام قىلغان يەرلەرگە قاراش) [بۇخارى]

شەرىئەت يوللۇق دەپ قارىغان زۆرۈرىيەت ئۈچۈن قاراش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. مەسلەن: ئۆيلەنمەكچى بولغان يىگىتنىڭ (ئوبىكتى) قىزغا، دوختۇرنىڭ (كىسەلگە) قارىغانلىقىغا ئوخشاش. شۇنداقلا ئايالنىڭ يات ئەرگە پىتنە (شەھۋانى) كۆز بىلەن تىكىلىپ قارىشىمۇ توغرا ئەمەس.

ئاللاھ تەئالا ئېيتقان ئىدى: « مۆئمىنلەرگە ئېيتقىنكى نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن. ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن. » [نۇر. 3]

شۇنىڭدەك ساقالسىز ئەرلەرگە شەھۋانى غەرەز بىلەن قاراش، ئەرنىڭ ئەركىشىنىڭ ئەۋرىتىگە، ئايالنىڭ ئايال كىشىنىڭ ئەۋرىتىگە قارىشى ھارام. قاراش ھارام بولغان ئەۋرەتنى گەرچە تۇسالغۇ (كىيىمدەك) ئۈستىدىن بولغان تەقدىردىمۇ تۇتۇش جائىز بولمايدۇ. بەزىلەرنىڭ ژۇرناللاردىكى (نالايىق) رەسىملەرنى ۋە لىنتا (كىنو ۋە سىنئالغۇ لىنتىلىرى)دىكى كۆرىنىشلەرنى ھەقىقى (جىسىم) بولمىغاندىكىن بولىۋىرىدۇ دەپ باھانە كۆرسىتىپ كۆرۈشلىرى، شەيتاننىڭ ئويىنىشىۋاتقانلىقىدۇر. ئۇنىڭدىكى شەھۋانى ھېس-تۇيغۇلارنى غىدىقلاش ۋە بۇزۇق تەرىپى ئوپئوچۇقتۇر.

# دەيۈزلىك قىلىش

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرپۇئ رەۋىشتە رىۋايەت قىلىنىشچە «ئۈچ (تۈرلۈك) كىشىنى ئاللاھ جەننەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ. داۋاملىق ھاراق ئىچكۈچى، ئاتا-ئانىنى قاخشاتقۇچى ۋە ئائىلىسى ئىچىدىكى بولمىغۇر ئىشقا يول قويىدىغان دەيۈز كىشى» [ئىمام ئەھمەد]

دەۋرىمىزدىكى دەيۈزلۈكنىڭ شەكىللىرىنىڭ بىرى، ئۆيدە قىزى

ياكى ئايالنىڭ يات ئەر بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇش، گەپ سېتىش دېيىلىدىغان سۆھبەتكە چۈمۈشىگە كۆز يۇمۇش ۋە ئائىلىسىدىكى ئاياللارنىڭ بىرى يات ئەر بىلەن خىلۋەتتە بولۇشىغا رازى بولۇش. شۇنداقلا ئائىلىسىگە مەنسۇپ بىر ئايالنىڭ يالغۇز ھالدا شوپۇر ياكى باشقىلارغا ئوخشىغان يات بىر ئەر بىلەن بىرگە ماشىنىغا ئولتۇرۇشىغا يول قويۇش ۋە ئۇلارنىڭ شەرئى ھىجاپسىز ھالدا سىرتتقا چىقىپ، ئۆتكەن كەچكەنلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈشىگە رازى بولۇش، ھەمدە بۇزۇقچىلىقنى يايىدىغان لېنتا ياكى ژۇرناللارنى ئېلىش ۋە ئۆيگە ئەكىرىش.

# بالىنىڭ ئاتىسىدىن باشقا بىرىگە يالغاندىن مەنسۇپ بولۇۋېلىشى ۋە كىشىنىڭ بالىسىدىن تېنىشى

شەرىئەتتە بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆز ئاتىسىدىن باشقىسىغا مەنسۇپ بولۇۋېلىشى ياكى ئۆزىنى ئۆزى مەنسۇپ ئەمەس بىر قەۋم (مىللەت، ئىرق) گە قېتىۋېلىشى جائىز ئەمەس. بەزىلەر ماددى مەنپەئەت ئۈچۈن ئاشۇنداق قىلىدۇ ۋە يالغاندىن نەسەپ ئويدۇرۇپ چىقىپ رەسمى ھۆججەت باستۇرىدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا گۆدەكلىكىدە ئاتىسى تاشلىۋەتكەنلىكىگە غەزەپلىنىپ شۇنداق قىلىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى توغرا ئىش ئەمەس. ئۇنداق قىلغاندا مەھرەملىك، نىكاھ، مىراس ۋە

شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەردىكى كۆپلىگەن ساھەدە چوڭ كېلىشمە-سىلىكلەر تۇغۇلىدۇ. سەھىھ بۇخارىدا كېلىشچە: سەئىد ۋە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن مەرفۇئ رەۋىشتە شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ. «كىمكى بىلىپ تۇرۇپ ئۆز ئاتىسىدىن باشقىسىغا مەنسۇپ بولىۋالسا ئۇ قەننەتتىن مەھرۇم قالىدۇ.» [بۇخارى]

شەرىئەتتە بىھۇدە نەسەپ بىلەن ئوينىشىش ياكى ئويدۇرمىلىق قىلىشقا دائىر ھەرقانداق ئىش ھارامدۇر. بەزى كىشىلەر ئايالى بىلەن تاكاللىشىپ قالغاندا «جالاپ» دەپ بۆھتان سۈۋاپ، ئۆزى بىر ياتاقتا ياتقان تۇرۇقلۇق، پاكىتسىز ھالدا بالىسىدىن تانىدۇ. بەزى ئايالLar ئامانەتكە خىيانەت قىلىپ ناشايان يولدىن قورساق كۆتىرىۋالىدۇ ۋە ئېرىنىڭ نەسەبىگە ئۆزگىنى (ئارلاشتۇرۇپ) كىرگۈزىدۇ. ئۇنىڭغا قارىتا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشلار بار. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «مۇلائەنەت - لەنەتلىشىش» ھەققىدىكى ئايەت نازىل بولغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

«قايسىدۇر بىر ئايال مەلۇم قەۋمگە ئۆزىنى مەنسۇپ قىلىۋالسا ئۇ ئاللاھتىن ھېچقانداق نەرسە ئۈستىدە ئەمەس، ئاللاھ ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزمەيدۇ. قايسىدۇر بىر ئەر قاراپ تۇرۇپ ئۆز بالىسىغا تانسا، ئاللاھ ئۇنۇڭدىن يۈز ئۆرىيدۇ. بۇرۇنقى ۋە كېيىنكىلەر ئالدىدا شەرمەندە قىلىدۇ.» [ئەبۇ داۋۇد]

# جازانە (ئۆسۈم) يېيىش

ئاللاھ تەئالا ئۆز كىتابى قۇرئان-كەرىمدە ھېچكىمگە قارىتا ئۇرۇش ئېلان قىلمىغان تۇرۇقلۇق جازانىخورلارغا ئۇرۇش ئېلان قىلغان بولۇپ مۇنداق دەپ تەكىتلىگەن:

ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! (ھەقىقىي)مۆئمىن بولساڭلار، ئاللاھنىڭ(ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك) قىلىشتىن ساقلىنىڭلار. (كىشىلەرنىڭ زىممىسىدە) قېلىپ قالغان جازانىنى (يەنى ئۆسۈمنى) ئالماڭلار. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار بىلىڭلاركى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى سىلەرگە ئۇرۇش ئىلان قىلىدۇ. [بەقەرە. 279-279]

بۇ ئايەت مەزكۇرقىلمىشنىڭ ئاللاھ ھوزۇرىدىكى قەبىھلىكىنى بايان قىلىشتا يېتەرلىك.

شەخسلەر ۋە دۆلەتلەر قاتلىمىغا نەزەر سالغان كىشى شۇنى تونۇپ يېتىدۇكى، جازانە بىلەن شۇغۇللىنىشتىن كېلىپ چىققان ۋەيرانچىلىق، كاساتلىق، تۇرغۇنلۇق، قەرىزنىڭ ئالدىنى ئالالماسلىق، ئىقتىسادى كىرزىس، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى، كۆپلىگەن شىركەت ۋە قۇرۇلۇشلارنىڭ يىقىلىشى، كونلۇك ئىشچىنىڭ كىرىمى ۋە قان تەرىنىڭ جازانىخورنىڭ چۆنتىكىگە تۆكۈلىدىغان قىلىنىشى، جەمئىيەتتە پۇل-مالنىڭ ئازغىنە بىر ئوچۇم كىشىلەرنىڭ قوللىرىغا

مەركەزلىشىشىدىن ئىبارەت تەبىقە، قاتلام شەكىللەندۈرۈشتەك خاراپ ۋە بۆھرانىنىڭ ئۈچىنچىسى چىقىدىغانلىقى. بۇ، ئاللاھ جازانە بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا تەھدىت قىلغان ئۇرۇش ئېلان قىلىش كارتىنىلىرىدىن بىرى بولسا كېرەك.

جازاندا ئورتاق بولغان ئاساس، ئوتتۇرا دەرىجىدىكى كىشىلەر ۋە ھىسىداشلىق قىلغان ياردەمچىلەرنىڭ ھەممىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تىلى ئارقىلىق لەنەتلەنگەندۇر. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان، ئۇ ئېيتىدۇكى: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جازانە يىگۈچىگە، ئۇنى ۋەكىل قىلغۇچىغا، ئۇنى خاتىرىلىگۈچىگە ۋە ئۇنىڭغا شاھىد بولغۇچىلارغا لەنەت قىلغان ۋە ئۇلار(گۇناھ جەھەتتىن) باپ-باراۋەر دىگەن» [مۇسلىم]

مەزكۇر ھەدىسقا ئاساسەن جازانىنى يېزىشتا، تىزىملاشتا، دەپتەر تۇتۇشتا، تاپشۇرىۋېلىش ۋە تاپشۇرۇپ بىرىشتە، ئامانەت قويۇشتا، قاراۋۇللۇق قىلىشتا ئىشلەش جائىز ئەمەس. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، جازانىدە ئورتاقلىشىش (شىرىك بولۇش) ئۇنىڭغا قايسى شەكىلدە بولمىسۇن ياردەم قىلىش ئېغىر گۇناھ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرفۇئ رەۋىشتە يېتىپ كەلگەن ھەدىسدە، بۇ بالانىڭ قەبىھلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان.

«جازانە 73 تۈرلۈك بولۇپ، ئەڭ تۆۋەن  بولغىنى(نىڭ گۇناھى)، كىشىنىڭ ئۆز ئانىسى بىلەن نىكالانغىنىغا ئوخشاشتۇر، جازانىنىڭ ئەڭ يۇقىرى (قاتلامدىكىسىنىڭ گۇناھى) مۇسۇلمان ئادەمنىڭ يۈز - ئابروينى(تۆكۈش بىلەن ئوخشاش) دۇر.» [ھاكىم]

شۇنداقلا ئابدۇللاھ ئىبنى ھەنزەلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرفۇئ رەۋىشتە يېتىپ كەلگەن بىر ھەدىستە ئىپادىلىنىشچە: «كىشىنىڭ بىلىپ تۇرۇپ بىر دەرھەم  جازانىنى يېيىشى، 36 زىنادىن قاتتىقراقتۇر.» [ئىمام ئەھمەد]

جازانىنىڭ ئېغىر گۇناھلىقى بەزىلەرنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك پىقىرمۇ ئەمەس، بايمۇ ئەمەس (ئوتتۇرا ھالدىكى) كىشىلەرگە خاس بولماستىن ئومۇمى بولۇپ، ھەر ۋاقىت، ھەر شەخسنى ئۆز ھۆكمى ئاستىغا ئالىدۇ. قانچىلىغان بايلار ۋە چوڭ ھەجىمدىكى تىجارەتچىلەر بۇ سەۋەپتىن زىيانغا ئۇچرىماقتا، نەخ ئەملىيەت بۇنىڭغا شاھىد بولالايدۇ.

جازانە مال كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ بەركىتى يوقۇلۇپ ئازلاپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ئىدى: «جازانە (مال-دۇنيا) كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ ئاقىۋەتتە ئازغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.» [ھاكىم]

شۇنداقلا جازانە، مەلۇم نىسبەتتىكى ئاز ياكى كۆپ ئىقتىسادى ئۆلچەمگە مەخسۇس بولماستىن، ھەرقانداقى ئېغىر گۇناھتۇر. بۇنىڭ

ئىگىسى قىيامەت كۈنى قەبرىدىن قوزغالغاندا جىن تېپىۋەتكەن كىشىنىڭ قوپقىنىدەك يىقىلىپ، تېيىلىپ قوپىدۇ.

بۇ گۇناھنىڭ قەبىھ بولىشى بىلەن بىرگە يەنىلا ئاللاھ ئۇنىڭدىن تەۋبە قىلىش ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن ۋە ئۇسۇلىنى ئىزاھلىغان : «ئەگەر جازانە قىلىشتىن تەۋبە قىلساڭلار، (قەرز بەرگەن) سەرمايەڭلار ئۆزۈڭلارغا قايتىدۇ. باشقىلارنى زىيان تارتقۇزمايسىلەر، ئۆزۈڭلارمۇ زىيان تارتمايسىلەر» [بەقەرە. 279]

مۆئمىننىڭ يۇرىكى ئۇ چوڭ گۇناھتىن قورقىشى، قەبىھلىكىنى ھېس قىلىشى لازىم. ھەتتا ئوغرىدىن ۋە يوقاپ كىتىشتىن قورقۇپ جازانە بانكىلىرىغا پۇللىرىنى قويغانلار، ئامالسىزلىقتىن قويغانلىقىنى ھىس قىلىشى، ئاللاھقا تەۋبە قىلىشى بىلەن بىرگە، ئۆزىچە ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ (تاپە گۆشىنى ئامالسىزلىقتىن) يېگەنگە ئوخشايدىغانلىقى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىقراق ئىكەنلىكىنى بىلىشى ۋە مۇمكىن قەدەر باشقا چارە تېپىشقا تىرىشىشى لازىم. ئۇلارنىڭ بانكىدىن جازانە (ئۆسۈمى)نى تەلەپ قىلىشى جائىز ئەمەس. مۇبادا ھىساپقا ياتقۇزۇلغان بولسا، سەدىقىمۇ قىلماي جائىز بىر يول بىلەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدىشى لازىم. چۈنكى ئاللاھ پاكدۇركى پەقەت پاكنىلا قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ يىيىش، ئىچىش، كىيىنىش، قاتناش ۋاستىلىرى سېتىۋېلىش، تۇرالغۇ جاي ئېلىش، ئايالى، ياكى بالىسى ياكى ئاتا-ئانىسىغا خەجلەپ بىرىش، زاكاتقا ھىساپلاپ

بىرىش، باج چىقىمغا بىرىش ۋ ئۆزىنى زۇلۇمدىن مۇداپىئە قىلىشتا قوللىنىشلاردىن ئىبارەت، قايسىدۇر بىرىگە ئىشلىتىش ئارقىلىق پايدىلىنىشقا بولمايدۇ. پەقەتلا ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ ئۇنىڭ (بانكىدىن بەرگەن ئۆسۈم)دىن قۇتۇلۇپ قالسا بولىدۇ.

## ساتقاندا تاۋارنىڭ ئەيىپىنى يېپىش ۋە ئۇنىڭ قۇسۇرىنى يوشۇرۇش

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم(بازاردىكى) بىر دۆۋە ئاشلىقنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭغا قولىنى تىققان ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بارماقلىرىغا ھۆل يۇقتى. ئاندىن كىيىن رەسۇلۇللاھ: - نىمە بۇ ھەي ئاشلىق ئىگىسى؟- دىدى. - يامغۇر ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى يا رەسۇلۇللاھ - دېدى ئاشلىق ئىگىسى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: ئۇنى(ھۆل يېرىنى) ئاشلىقنىڭ ئۈستىگە قويساڭ بولماسمىدى كىشىلەر كۆرسۇن ئۈچۈن؟ كىمكى ئالدامچىلىق قىلسا بىزدىن ئەمەس. [مۇسلىم]

بۈگۈنكى كۈندە ئاللاھتىن قورقمايدىغان نۇرغۇنلىغان تاۋار ساتقۇچىلار، قۇسۇرلۇق يەرلەرگە چاپلاق چاپلاپ قويۇش، ياكى ئۇنى ئورالمىنىڭ ئەڭ ئاستىغا سېلىپ قويۇش ياكى چىرايلىق شەكىلدە ئەكس ئەتتۈردىغان خىمىيۋى ماددىلار قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش

ئارقىلىق (مالنىڭ) ئەيىپىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ياكى دەسلەپتىلا تاۋارنىڭ ئەيىپ ـ نوقسانىنى كۆرۈنمەس قىلىۋېتىدۇ، خېرىدار تاۋارنى ئېلىپ ئۆزۈن ئۆتمەيلا بۇزۇلۇشقا باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسى تاۋارنىڭ ئىشلىتىلىش سالاھىيەت مۇددىتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىق ۋاقتىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزىدۇ ياكى خېرىدارنىڭ تاۋارنى تەكشۈرۈپ بېقىشى، ئىنچىكىلەپ كۆزىتىپ بېقىشىغا، سىناپ بېقىشىغا توسالغۇلۇق قىلىدۇ. ئاپتۇموبىل ۋە زاپچاس سايمانلىرىنى ساتىدىغانلارنىڭ تولىسى ئۇلارنىڭ قۇسۇرىنى دەپ بەرمەيدۇ. بۇ بولسا ئېغىر گۇناھتۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقان ئىدى: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى، مۇسۇلمان ئۈچۈن قېرىندىشىغا ئەيىپلىق بىر نەرسە سېتىشى توغرا بولمايدۇ. پەقەت ئۇنۇڭغا ئەيىپىنى دەپ بەرسە ئۇنىڭ يولى باشقا» [ئىبنى ماجە]

بەزىلەر «كىم ئارتۇق سېتىش»تا «بىر دۆۋە تۆمۈرنى ساتىمەن...» بىر دۆۋە تۆمۈر دىسە مەسئۇلىيەتتىن قۇتۇلۇپ قالىدىغانلىقىنى گۇمان قىلىدۇ. بۇنداق سېتىش بەركەتسىز ئىشتۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن ئىدى: «ساتقۇچى ۋە ئالغۇچى ئىككىيلەن ئايرىلمىغان مۇددەت ئىچىدە تاللاش (ئېلىش ئالماسلىقنى) ھوقۇقىغا ئىگە. ئەگەر ئىككىسى راس سۆزلىسە، ئەيىپلىرىنى ئوچۇق دېسە سودىسىغا بەركەت ئاتا قىلىنىدۇ. ئەگەر يالغان سۆزلىسە، ئەيىپلىرىنى يوشۇرسا سودىسىنىڭ بەركىتى يوق قىلىنىدۇ.

# يالغان خېرىدارلىق قىلىش سودىسى

ئۇ بولسا مالنى سېتىۋېلىش نىيىتى يوق كىشىنىڭ باشقىلارنى ئالداش ۋە يۇقىرى باھاغا سۆرەش نىيىتىدە باھانى يۇقىرى كۆتۈرۈشىدۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقان ئىدى: «يالغاندىن خېرىدار بولماڭلار.» [بۇخارى] بۇنىڭ بىر خىل ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىدە شۈبھى يوق. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن:«ھىلە-مىكىر ۋە ئالدامچىلىق (قىلغان ئادەم )دوزىخىدۇر» [سىلسىلەتۇل ئەھادىس ئەلسەھىھە]

ئاپتۇموبىل بازارلىرىدىكى بىدىكلەرنىڭ تولىسىنىڭ ئىشلىرى ناپاكتۇر، چۈنكى نۇرغۇن ھارام سۆز-ھەركەتلەرنى ئىشلەيدۇ، يالغاندىن خېرىدار بولىدۇ. خېرىدارنى ياكى ساتقىلى كەلگەن كىشىنى ئالدايدۇ. شۇنداق قىلىپ مېلىنىڭ باھاسىنى ئېگىز-پەس قىلىدۇ. ئەگەر مال بىدىكلەر ئىچىدىن بىرەرسىنىڭ بولۇپ قالىدىغان بولسا تامامەن ئەكسىچە خېرىدارلار ئوتتۇرىسىدا ياغلىما چۆپلۈك قىلىدۇ ۋە كىم ئارتا سودىسىدا يالغاندىن باھانى يۇقىرى ئۆرلىتىپ بەندىلەرنى ئالدايدۇ.

# جۈمە كۈنىدە ئىككىنچى ئەزاندىن كېيىن(جۈمە ـ گە بارماي ) ئىلىم ـ سېتىم بىلەن مەشغۇل بولۇش

ئاللاھ تەئالا ئېيتتى: ئى مۆئمىنلەر! جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا ئاللاھنى ياد ئېتىشكە (يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار. ئېلىم-سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار. ئەگەر بىلسەڭلار بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. [جۇمۇئە. 9]

بەزى مال ساتقۇچىلار ئىككىنچى ئەزاندىن كېيىن دۇكانلىرىدا ياكى مەسجىدلەرنىڭ ئالدىدا مال سېتىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇلاردىن بىر مىسۋاك چاغلىق نەرسە سېتىۋالغانلار گۇناھقا ئورتاقلاشقان بولىدۇ. بۇ سودا، كىچىك دەپ قارالغان ھۆكۈمگە ئاساسەن باتىلدۇر. قىسمەن ئاشخانا، ناۋايخانا ۋە زاۋۇت خوجايىنلىرى جۈمە نامىزى ۋاقتىدا ئىشچىلىرىنى ئىشقا زورلايدۇ. بۇلار كۆرىنىشتە پايدا تاپقاندەك قىلغىنى بىلەن ماھىيەتتە زىياننى كۆپەيتىۋالىدۇ. ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ مەسىلىسىگە كەلسەك، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «ئاللاھقا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشتا ئىنسانغا بوي سۇنۇش يوق» دىگەن سۆزىنىڭ تەلپىگە ئۇيغۇن ئىش قىلىشتىن باشقا چارىسى يوق.

[ئىمام ئەھمەد]

## قىمار ئويناش

ئاللاھ تائالا ئېيتتى: ئى مۆئمىنلەر ! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر. بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق تۇرۇڭلار. [مائىدە. 90]

جاھىلىيەت ئەھلى (ئۆتمۈشتىكى قالاق ئىنسانلار) قىمار بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلاردىكى قىمارنىڭ ئەڭ داڭلىقراقلىرىدىن بىرى شۇكى، بىر تۆگىگە ئون كىشى بىرلىشىپ ئىگە بولاتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن چەك تاشلاش شەكلىدە قەدەھ تەقسىم قىلىناتتى. (بۇلارنىڭ ئىچىدە) يەتتە كىشى ئەنئەنىگە ئاساسەن ئوخشىمىغان دەرىجىدە بەلگىلىك پايغا ئىگە بولاتتى. ئۈچەيلەن بولسا ھېچنەرسە ئالمايتتى. بىراق دەۋرىمىزدە قىمارنىڭ نۇرغۇن شەكىللىرى بار. ئۇلارنىڭ بىرى «لاتارىيە » نامىدا بولۇپ ئۇنىڭمۇ خىلمۇ-خىل شەكىللىرى بار. ئەڭ ئاددىيراقى، ئىچىدىن سانلار چىقىدىغان مال سېتىۋېلىش، بىرىنچى بولغان كىشىگە موكاپات بېرىلىدۇ، ئىككىنچى بولغان كىشىگىمۇ شۇنداق. بۇ شەكىلدە ئوخشىمىغان ھەجىمدىكى نۇرغۇن موكاپات تارقىتىلىدۇ. بۇ ئېغىر گۇناھتۇر. گەرچە ئۆزلىرىچە ياخشىلىق دەپ

ئاتىنۇپلىشقان بولسىمۇ. يەنە بىرى ئىچىدە نامەلۇم نەرسە بار، ياكى ئۇنى سېتىۋالغاندا موكاپاتقا ئېرىشىدىغان نۇمۇر بار تاۋارنى سېتىۋېلىش.

هاياتقا، ئەشيالارغا ۋە ئوت كېتىشكە قارشى تىجارەت ئىستىراخۇۋانىيە توختاملىرى، ئونىۋىرسال ئىستىراخۇۋانىيە ۋە باشقا ئوخشىمىغان رەۋىشتىكىلىرى، هەتتا بەزى ناخشىچىلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ئىستىراخۇۋانىيەلەشتۇرۇشلىرى، دەۋرىمىزدىكى قىمار ئۇسۇللىرى ئىچىدىن بىرقانچە كۆرۈنۈش.

يۇقارقىلارنىڭ هەممىسى قىمار سىستېمىسىغا كىرىدۇ. زامانىمىزدا مەخسۇس قىمار كۇلۇپلىرى مەۋجۇد بولۇپ، ئىچىدە مەزكۇر چوڭ گۇناهنى ئىشلەش ئۈچۈن ئالاهىدە تەييارلانغان «يېشىل ئۇستەللەر»ناملىق نەرسىلىرى بار. شۇنىڭدەك يېڭى پەيدا بولغان پۇتبول مۇسابىقىلىرىدىكى پۇل تىكىش قاتارلىقلارمۇ قىمارنىڭ بىر تۈرى. مەسىلەن، ئويۇن مەيدانلىرى، كۆڭۈل ئېچىش مەركەزلىرىدە قىمار چۈشەنچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «فىلەيىرىز» نامىنى بىرىشكىنىدەك نۇرغۇن ئويۇنلار بار.

مۇسابىقە ۋە بەسلىشىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇلار ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ:

**بىرىنچى**: شەرئى مەقسەدلىك بولغىنى، موكاپات بىرىش ئارقىلىق بولسۇن ياكى مۇكاپاتسىز بولسۇن مۇباهتۇر. مەسىلەن: تۆگە چاپتۇرۇش مۇسابىقىسى، ئات بەيگىسى مۇسابىقىسى، ئوق ئېتىش مۇسابىقىسى،

زېھىن سىناش مۇسابىقىسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش. بۇنىڭ ئىچىگە شەرىئەت بىلىملىرى مۇسابىقىسىمۇ كىرىدۇ. مەسىلەن: قۇرئان يادلاشقا ئوخشاش.

ئىككىنچى: ئۆز ئالدىغا مۇباھ بولغان شەيئىلەر، مەسىلەن: نامازنى قايرىپ قويۇش، ئەۋرەتلەر (ئەرلەرنىڭ كىندىكىدىن تىزىغىچە، ئاياللارنىڭ يۈز ۋە قولىدىن باشقا ھەممە ئەزاسى)نى ئېچىشتەك ھارام ئىشلاردىن خالى ھالدىكى ئېلىپ بېرىلغان پۇتبول مۇسابىقىلىرى، يۈگرەش مۇسابىقىلىرى.

ئۈچىنچى: ئۆز ئالدىغا ھارام بولغان ياكى ھارامغا ئېلىپ بارىدىغان شەيئىلەر: گۈزەللىك مۇسابىقىسى دەپ نام بېرىلگەن بۇزۇق مۇسابىقە، يۈزگە ئۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بوكىس (چامباشچىلىق) مۇسابىقىسى، قوچقار سوقۇشتۇرۇش مۇسابىقىسى، خوراز سوقۇشتۇرۇش مۇسابىقىسى قاتارلىقلار.

# ئوغۇرلۇق قىلىش

ئاللاھ مۇنداق دېگەن: «ئوغۇرلۇق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋە ئوغۇرلۇق قىلغۇچى ئايالنىڭ قىلمىشىنى جازالاپ ئاللاھ تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن قوللىرىنى كېسىڭلار. ئاللاھ (ئۆز ئەمرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا) غالىپتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.» [مائىدە. 38]

بەيتۇللاھنى ھەج-تاۋاپ قىلغۇچىلارنى بۇلاش، ئوغۇرلۇق جىنايەتلىرىنىڭ ئەڭ ئېغىرلىرىدىندۇر. بۇ خىل ئوغۇرلۇق يەريۈزىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مەيدانى ۋە ئاللاھنىڭ بەيتى ئەتراپىدا ئۇنىڭ قانۇنلىرىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقتۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، كۈن تۇتۇلغاندا نامازئوقۇش قىسسىسىدە ئېيتقان مۇنداق دېگەن ئىدى: «دوزاخ(كۆز ئالدىمغا) كەلتۈرۈلدى، بۇ (ھادىسە) ماڭا دوزاخ ھارارىتى تېگىشتىن قورقۇپ ئارقىغا يانغىنىمنى كۆرگەن ۋاقىتلاردا بولدى. ھەتتا دوزاختا ئۈچەيلىرىنى سۆرەۋاتقان بىر ھاسىلىق كىشىنى كۆردۈم. بۇ كىشى (دۇنيادىكى چېغىدا) ھاسىسى ئارقىلىق ھاجى (نىڭ نەرسە كېرەكلىرى)نى ئوغۇرلايتتى. ئەگەر (ھاجى) تۇيۇپ قالسا، «ھاسامغا ئىلىنىپ قاپتۇ»- دەيتتى. تۇيمىسا ئېلىپ كېتەتتى. [مۇسلىم]

ئاممىنىڭ مۈلكىنى ئوغۇرلاش ئەڭ ئېغىر گۇناھلارنىڭ بىرى. بۇنى قىلىدىغان ئادەملەر، باشقىلار ئوغۇرلىغانغا ئوخشاش بىزمۇ ئوغۇرلايمىز دېيىشىدۇ ۋە بۇ (قىلمىشى) نىڭ ھەممە مۇسۇلمانلارنىڭ مۈلكىنى ئوغۇرلىغانلىق ئىكەنلىكىنى ئۇقمايدۇ. چۈنكى ئاممىنىڭ مۈلكى ھەممە مۇسۇلمانلارنىڭ مۈلكىدۇر. ئاللاھتىن قورقمايدىغانلارنىڭ قىلمىشلىرى، تەقلىد قىلىشقا تېگىشلىك دەلىل بولالمايدۇ. يەنە بەزىلەر «ئۇلار كاپىرغۇ» دېگەننى باھانە قىلىپ كاپىرلارنىڭ ماللىرىنى ئوغۇرلايدۇ. بۇمۇ توغرا ئەمەس، چۈنكى ماللىرىنى ئېلىۋېلىش جائىز بولىدىغان كاپىرلار، مۇسۇلمانلارغا قارشى جەڭ قىلىۋاتقان جەڭ

مەيداندىكى كاپىرلاردۇر. كاپىرلارغا ئائىت ھەممە شىركەتلەر ۋە ئۆلارنىڭ مەنسۇپلىرى ئۇ (ھۆكۈم)نىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. يانچۇقچىلىق قىلىشمۇ بىر خىل ئوغۇرلۇق. بەزىلەر باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە يوقلاپ كىرىدۇ ۋە ئوغۇرلۇق قىلىدۇ. بەزىلەر بولسا مېھمىنىنىڭ سومكىلىرىدىن (نەرسە-كېرەك) ئوغۇرلايدۇ. يەنە بەزىلەر تىجارەت ئورۇنلىرىغا كىرىپ، يانچۇقلىرى ۋە كىيىم-كېچەكلىرىگە مال تىقىۋالىدۇ، ياكى بەزى ئاياللار نەرسىلەرنى كىيىم ئاستىغا يوشۇرىۋالىدۇ. بەزى كىشىلەر ئاز ياكى باھاسى ئەرزان نەرسە كېرەكلەرنى ئوغۇرلاشنى ئاددىي ئىش دەپ ھېساپلايدۇ. ھالبۇكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقان ئىدى: «تۇخۇم ئوغۇرلاپ قولى كېسىلگەن ۋە ئارغامچا ئوغۇرلاپ قولى كىسىلگەن ئوغرىغا ئاللاھ لەنەت قىلغاي.» [بۇخارى]

بىر نەرسە ئوغۇرلىغان ھەر بىر كىشى ئاللاھقا تەۋبە قىلغاندىن كىيىن ئۇنى ئاشكارا ياكى شەخسەن، يوشۇرۇن ياكى ۋاستىلىق ھالدا ئىگىسىگە قايتۇرىشى ۋاجىپ. مۇبادا مال ئىگىسى ئۆلۈپ كېتىپ ۋارىسلىرىنى ئىزدەپمۇ تاپالمىسا، مالنى سەدىقە قىلىپ ساۋابىنى ئىگىسىگە ئاتايدۇ.

# پار ئېلىش ۋە پار بېرىش

سوتچى (قازى) ياكى ھاكىمغا ھەقىقەتنى بۇرمىلاش، ياكى ناھەق بىر جىنايەتنىڭ ئىزنى يوق قىلىۋېتىش ئۈچۈن پارا بېرىش ئېغىر گۇناھتۇر. چۈنكى ئۇنداق قىلمىش ناھەق ھۆكۈم بېرىشكە ۋە ھەققانىي تەرەپكە ئۇۋال قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ ۋە چىرىكلىكنى يا-پىدۇ. ئاللاھتائالا مۇنداق دەپ ئېيتقان ئىدى: «بىربىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار ، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى ناھەق رەۋىشتە يەۋېلىش ئۈچۈن ھاكىملارغا پارا بەرمەڭلار. » [بەقەرە. 188]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرپۇئ رەۋىشتە رىۋايەت قىلىنىدۇ «ئاللاھ ،ھۆكۈم چىقىرىش توغرىسىدا پارا بەرگۈچى ۋە پارا ئالغۇچىغا لەنەت قىلغاي.» [ئىمام ئەھمەد] لېكىن ھەققىگە ئېرىشىش ياكى ئۇۋالچىلىق ــ زۇلۇمنى توسۇپ قېلىش ئۈچۈن، پارا بېرىشتىن باشقا يول بولمىسا، يۇقارقى ھۆكۈم ئىچىگە كىرمەيدۇ.

دەۋرىمىزدە پارخورلۇق كەڭ ئومۇملىشىپ كەتتى. ھەتتا بەزى كادىرلار ئۈچۈن مائاشلىرىدىنمۇ كۆپرەك كىرىم مەنبەسىگە ئايلاندى. تېخى كۆپلىگەن مەخپى ئىسىملىك شىركەتلەرنىڭ تارماقلىرىدا خەزىنىگە ئۆزگەردى. نۇرغۇن مۇئامىلىلەر پەقەتلا پارا بىلەن باشلىنىدىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئاياقلىشىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى.

بۇنىڭدىن كەمبەغەللەر قاتتىق زىيانغا ئۇچرىدى. مەسئۇلىيەت بۇزۇلدى ۋە ئىشچىلارنى خوجايىنلارغا قارشى ناچارلاشتۇرۇشقا سەۋەپ بولدى. ياخشى خىزمەت پەقەتلا پارا بەرگەنلەرگە تۇتقۇزۇلماقتا. پارا بەرمىگەنگە ئاددىي ئىش بىرىلمەكتە ياكى توختۇتۇپ قويۇلماقتا ۋە بىكار قىلىنماقتا. پارا بىرىپ ئىشقا كىرگەنلەر ئۇزۇنغا قالماي ئىشتىن توختىماقتا. پارا بىرىش تۇپەيلى خوجايىنلارنىڭ پۇللىرى خىرىدارلار ۋە ساتقۇچىلارنى تېپىشتۇرىدىغان ئەلچىلەرنىڭ چۆنتەكلىرىگە چۈشۈپ كەتتى.

بۇ ۋە باشقا سەۋەپلەر تۇپەيلى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەزكۇر گۇناھقا ھەمدەم بولغانلارنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇشى ئۈچۈن قارغىغان ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقان ئىدى: «پارا بەرگۈچى ۋە ئالغۇچىغا ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن!» [ئىبنى ماجە]

# بىراۋنىڭ يەر - زېمىننى ئىگەللىۋېلىش

ئاللاھتىن قورقۇش يوق بولغاندا كۈچ-قۇۋۋەت ئۆز ئىگىسى ئۈچۈن بالاغا ئايلىنىدۇ-دە ئۇنى باشقىلارنىڭ پۇل-ماللىرىنى بۇلاش، تارتىۋېلىشتەك زۇلۇمغا ئىشلىتىدۇ. يەر - زېمىن بۇلىۋېلىشمۇ شۇ

جۇملىدىن بولۇپ ئاقىۋىتى ئىنتايىن ئېغىر. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرپۇئ رەۋىشتە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە شۇنداق دېيىلگەن: « كىمكى ھەقسىز رەۋىشتە زېمىندىن بىر غېرىچ تارتىۋالسا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ بىلەن يەتتە قات زېمىنغا يۇتتۇرۇلىدۇ.» [بۇخارى]

يەئلا ئىبنى مۇررە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرپۇئ رەۋىشتە رىۋايەت قىلىنىشچە «قايسىدۇر بىر كىم زېمىندىن بىر غېرىچ (بۇلاپ) زۇلۇم قىلسا،ئاللاھ ئۇنى يەتتە قات زېمىننىڭ ئاخىرغىچە كولاشقا بۇيرىيدۇ، ئاندىن كېيىن ئىنسانلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدىغان ۋاقىتقا قەدەر قىيامەت كۈنى بويىنغا سېلىنىدۇ.» [تىبرانى]

يەرلىرىنىڭ بەلگىلىرى ۋە چېگرالىنى ئۆزگەرتىپ خوشنىسىنىڭ يېرىنى كەڭەيتىۋېلىشمۇ شۇنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «ئاللاھ يەرنىڭ بەلگىسىنى ئۆزگەرتكەن كىشىگە لەنەت قىلسۇن» سۆزى ئارقىلىق ئۇنۇڭغا ئىشارەت قىلىنغان ئىدى.

## قوللاش شەرتى بىلەن ھەدىيە (سوغات) ئېلىش

يۈز ئابرۇي ۋە كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىززەت، ھۆرمەت ئاللاھنىڭ بەندىگە بەرگەن نېئمىتى قاتارىدىندۇر. بەندە ئاللاھقا مىننەتدارلىق

بىلدۈرگەن ۋە شۈكۈر قىلغان تەقدىردە(شۈنداق)، نېئمەت ئىگىسى ئۈنى مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىشى ئۈنىڭغا شۈكرى قىلغانلىقتىن بولىدۇ. ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ كۆرسەتمىسى ئىچىگە كىرىدۇ. «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن كىمكى قېرىندىشىنى قوللاشقا ، ياردەم قولىنى سۇنۇشقا قۇربىتى يەتسە (شۇنداق) قىلسۇن» [مۇسلىم]

بىركىم ئۆزىنىڭ يۈز- ئابرۇيى ئارقىلىق هارام ئىشلىمىگەن ياكى بىر كىشىنىڭ هەققىگە تاجاۋۇز قىلمىغان هالدا مۇسۇلمان قېرىندىشىنى زۇلۇمدىن مۇداپىئە قىلسا، ياكى ئۇنىڭغا ياخشىلىق يەتكۈزسە، نىيتى خالىسانە بولغاندا ئاللاھنىڭ هوزۇرىدا ئەجىر ئاتا قىلىنىدۇ. مەسلەن: بۇ هەقتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ سۆزى ئارقىلىق مەلۇمات بەرگەن ئىدى. «ياردەم قىلىڭلار، ئەجىر بېرىلىسىلەر.» [ئەبۇ داۋۇد]

بۇ خىل ياردەم ۋە ۋاستە بولغانلىق سەۋەبىدىن بىر نەرسە ئېلىش جائىز بولمايدۇ. نېمىشقا دېگەندە: ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن مەرپۇئ رەۋىشتە قىلىنغان مۇنۇ هەدىس: «كىمكى بىرىگە ياردەم قىلسا، ئاندىن ئۇ كىشىگە سوۋغات بېرىلسە، ئۇ كىشى سوۋغاتنى قوبۇل قىلسا جازانە دەرۋازىلىرىدىن ئەڭ چوڭ دەرۋازىغا كەلگەن بولىدى. [ئىمام ئەهمەد]

كىشىلەر ئارىسىدا مەلۇم بىرىنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش،

بىرىنى بىرەر بۆلۈمدىن باشقا بۆلۈمگە يۆتكەش، بىر رايۇندىن باشقا رايۇنغا خىزمىتىنى يۆتكەپ بېرىش، كېسەلنى داۋالاش قاتارلىقلار ئۈچۈن، مەلۇم نىسبەتتە ئىقتىساد تۆلەش شەرتى بىلەن يۈز ئابرۇيى ۋە مەنسىپىنى بازارغا سالىدىغانلار بار. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۇقارىدا ئۆتكەن ھەدىسگە ئاساسلانغاندا بۇ ئېغىر گۇناھتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەدىسنىڭ زاھىرى ئالدىنئالا شەرت قىلماي تۇرۇپمۇ بىر نەرسە ئېلىشنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ياخشىلىق قىلغان كىشىگە قىيامەت كۈنى ئاللاھتىن ئالىدىغان ئەجرى كۇپايىدۇر. بىر كىشى ھەسەن بىن سەھلنىڭ يېنىغا بىر ھاجىتى ھەققىدە ياردەم سوراپ كەپتۇ. ھەسەن بىن سەھلى ئۇنى ئورۇنلاپتۇ. كېيىن ئۇ كىشى رەھمەت ئېيتقىلى كەلگەندە ھەسەن بىن سەھلى مۇنداق ئېيتقان ئىكەن: «بىزگە نىمە ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىسىز؟ بىزنىڭچە خۇددى مالنىڭ زاكىتى بولغىنىدەك يۈز-ئابرۇينىڭمۇ زاكىتى بار.» [شەرىئەت ئەدەپلىرى ناملىق ئەسىردىن نەقىل قىلىندى]

بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغىنى، بىر كىشىنى مەلۇم بىر ئىشنى بېجىرىش، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يول مېڭىش ئۈچۈن بەلگىلىك ئىش ھەققى بېرىپ كىرالاش بىلەن، ئۆزىنىڭ يۈز ئابرۇيى ۋە مەنسىپىنى خەجلەپ ياردەم قىلىپ بۇنىڭغا ھەق ئېلىش ئوتتىرسىدىكى پەرىق، بىرىنچىسى شەرئى شەرتلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىجارە ئېلىش، كىرا قاتارىدىن بولۇپ جائىز. ئىككىنچىسى بولسا مەنئى قىلىنغاندۇر.

# ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ ئىش ھەققىنى بەرمەسلىك

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىشچىنىڭ ئىش ھەققىنى تېز بېرىشكە رىغبەتلەندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ئىشچىنىڭ تەرى قۇرۇپ بولۇشتىن بۇرۇن ئىش ھەققىنى بېرىڭلار!» [ئىبنى ماجە]

مۇسۇلمانلار جەمئىيتىدە بولۇۋاتقان ئۇۋالچىلىقنىڭ تۈرلىرىدىن بىرى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە كادىرلارغا ھەقلىرىنى بەرمەسلىك مەسىلىدۇر، بۇ تۈرلۈك شەكىللەردە بولۇپ، ئۇلار ئىچىدە، ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ قولىدا ھۆججىتى بولماسلىقنى سۈيئىستىمال قىلىپ ئۇنىڭ ئىش ھەققىگە پۇتۇنلەي تېنىۋېلىش، ئۇنىڭ ئىش ھەققى دۇنيادا زايا بولغان بولسىمۇ قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا زايا بولمايدۇ. چۈنكى زالىم زۇلۇم قىلغان كىشىنىڭ پۇل-مېلىنى يېگەن ھالدا(مەھشەرگاھقا) كېلىدۇ، ئاندىن زۇلۇم قىلىنغان كىشىگە زالىمنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن- ساۋاپلىرىدىن ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئەگەر تۈگەپ كەتسە زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ گۇناھ-مەئسىيەتلىرىدىن ئېلىپ زالىمغا يۈكلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن دوزاخقا تاشلىنىدۇ. ئىشچى-خىزمەتچىنىڭ ئىش ھەققىنى قىسىۋېلىش، تولۇق بەرمەسلىك، ناھەق ھالدا كېمەيتىۋېتىش توغۇرلىق ئاللاھ تائالا مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن ئىدى:«(ئۆلچەمدە، تارازىدا ۋە ئىش ھەققىدە)

كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي ئىست!» [مۇتەففىقۇن. 1] بۇنىڭ مىسالىلىرى شۇكى، بەزى خوجايىنلار ئىشچىلارنى يۇرتلىرىدىن ئېلىپ كېلىدۇ ۋە دەسلەپتە مەلۇم ھەجىمدىكى ئىش ھەققىگە توختام تۈزىدۇ. ئىشچىلار رەسمى ئىشقا كىرىشكەندە ئىش توختامى تۈزۈشكە باشلايدۇ ۋە ئازراق ئىش ھەققى بىرىشكە ئۆزگەرتىدۇ. ئىشچىلار بولسا تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ھەققىنى ئىسپاتلاشقا كۈچى يەتمەيدۇ- دە ئاللاھقا يىغلايدۇ. ئەگەر زالىم خوجايىن مۇسۇلمان، ئىشچى چاكار كاپىر بولغان تەقدىردە بۇ ھەققىنى قىسۇېلىش ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقانلىق بولىدۇ. تېخىمۇ گۇناھقا گىرىپتار بولىدۇ.

ئىشچىغا قوشۇمچە ئىش قېتىپ بىرىپ ياكى ئىشلەش مۇددىتىنى ئۇزارتىپ پەقەتلا ئەسلىدىكى ئىش ھەققىنى بىرىش ۋە ئارتۇق ئىشلەتكەنلىكىنىڭ ھەققىنى ئۆتمەسلىك(مۇ يامان ئىللەتلەرنىڭ قاتارىدىندۇر).

ئىشچىنىڭ ئىش ھەققىنى بىرىشنى كەينىگە سۈرۈش،پەقەت قاتتىق تۈرتۈلغان، چاپلىشۋالغان ۋە دەۋا قىلىپ سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلغاندىن كىيىن بىرىش(مۇ ئېغىر گۇناھ). بەزىدە خوجايىننىڭ كەينىگە سۈرۈشتىكى مەقسىتى، ئىشچىنى زىرىكتۈرۈپ ئاخىرى ھەققىنى تاشلىۋەتسۇن ۋە تەلەپ قىلىشتىن توختىسۇن ئۈچۈن بولىدۇ. ياكى ئىشچىنىڭ پۇلىنى دەسمىيىسىگە قېتىپ پايدىلىنىۋېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ.

بەزىلەر ئىشچىنىڭ ئىش ھەققىنى جازانە ـ ئۆسۈم تاپاۋىتىگە ئىشلىتىدۇ، يوقسۇل ئىشچى بولسا نە ئۆزىنىڭ كۈندىلىك يېمەك-ئىچمىكىنى قامدىسۇن ۋە نە ئائىلىسىنى باقسۇن، ئۇلارنى باقمەن دەپ غېرىپ بولۇپ يۈرگەن مۇھتاج ئائىلىسىگە خىراجەت ئەۋەتەلىسۇن، ھېچقايسىنى قىلالمايدۇ. ئۇ زالىملارغا دەرتلىك كۈنىنىڭ ئازابىدىن ۋاي ئىست! ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالا ئېيتتى: ئۈچ تۈرلۈك ئادەم بار، مەن قىيامەت كۈنى ئۇلاردىن داۋاچىمەن. ماڭا (ۋەدە) بېرىپ كېيىن گېپىدىن يېنىۋالغان كىشى. ھۆر ئىنساننى سېتىپ ئۇنىڭ پۇلىنى يېگەن كىشى ۋە خىزمەتچىنى ئىشقا سېلىپ، ئىشنى قىلدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئىش ھەققىنى بەرمىگەن كىشى.» [بۇخارى]

## بالىلىرىغا نەرسە كېرەك بېرىشتە ئادىل بولماسلىق

بەزى كىشىلەر پەرزەنتلىرى ئىچىدىن قىسمەنلىرىگە ئالاھىدە نەرسە كېرەك بېرىپ باشقىلىرىنى ئايرىپ قويۇشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇنىڭغا شەرئى ـ يوللۇق بىرەر سەۋەپ تېپىلمىسا بۇنداق قىلىش ئېغىر گۇناھتۇر. مەسىلەن: كېسىلىنى داۋالىتىش، قەرزىنى تۆلەش، قۇرئان

يادلىغانلىقى ئۈچۈن مۇكاپات بىرىشتەك، ئېھتىياجلىرىنى قامداش ياكى ئىشسىز قالغان بولسا چارە كۆرۈش، ئائىلىسىنىڭ قىينچىلىقى بولسا ھەل قىلىش، مەخسۇس ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان بولسا ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ۋاھاكازالار.

ئاتا شەرئى - يوللۇق دەپ قارالغان بىر سەۋەپكە ئاساسەن مەلۇم بىر بالىسىغا بىر نەرسە بەرسە شۇنداق چۈشەنچىدە بولىشى كىرەككى، مۇبادا باشقا بىر بالىسىمۇ شۇنداق ياردەمگە مۇھتاج بولغان بولسا ئۇنىڭغىمۇ ئوخشاشلا شۇنداق قىلالامدۇ يوق؟. ئۇنىڭ ئابىستىراكىت دەلىلى، ئاللاھ تائالانىڭ: «ئادىل بولۇڭلار، بۇ تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر»[مائىدە. 8] دېگەن سۆزىدۇر. كونكىرت دەلىلى: نوئمان بىن بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ئۇنى ئاتىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كېلىپ «بۇ ئوغلۇمغا بىر مۇلازىم(خىزمەتچى) ھەدىيە قىلدىم» دېگەندە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم- پەرزەنتلىرىڭنىڭ ھەممىسگە شۇنداق قىلدىڭمۇ؟ دەپ سورىدى، ئاتام- ياق ، دەپ جاۋاپ بەرگەندە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنداقتا ئۇنى قايتۇرىۋەت، دىدى.» [بۇخارى]

يەنە بىر رىۋايەتتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتىن قورقۇڭلار! پەرزەنتلىرىڭلار ئارىسىدا ئادىل

بولۇڭلار!، شۇنىڭ بىلەن ئاتام مۇلازىمنى قايتۇرۇۋەتتى. [فەتھ]

باشقا بىر رىۋايەتتە« ...ئۇنداقتا مېنى شاھىت قىلمىغىن ، چۈنكى مەن زۇلۇمغا گۇۋاھ بولمايمەن» [مۇسلىم]

«مىراستا بولسا بىر ئوغۇلغا ئىككى قىزنىڭ نېسىۋىسىچىلىك بېرىلىدۇ.» بۇ ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھنىڭ سۆزىدۇر.[ئەبۇ داۋۇدنىڭ ئىمام ئەھمەد مەسىلىلىرى نامىلىق كىتابى]

بەزى ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سالغان كىشى، قىسمەن ئاللاھتىن قورقمايدىغان ئاتىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرى ئارىسىدابەزىسىگە ئاللاھىدە نەرسە كېرەك بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قەلبىدە بىر-بىرىگە قارشى غەزەپ ئوتى چېچىپ ئوتتۇرىدا دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت تېرىيدىغانلىقىنى، تاغىلىرىغا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن مەخسۇس بىرىگە ھەدىيە بېرىدىغانلىقى، ئانا تەرەپتىن بولغان تاغىلىرىغا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن باشقىلىرىنى مەھرۇم قالدۇرغانلىقى، ياكى بولمىسا (ئىككى ئايالى بولغان تەقدىردە) ئۇلارنىڭ بىرىدىن بولغان بالىلىرىغا ھەدىيە بېرىپ، يەنە بىرىدىن بولغان بالىلىرىغا بەرمەيدىغانلىقىنى، بەزىدە ئىككى ئايالنىڭ بىرىدىن بولغان بالىلىرىنى ئاللاھىدە مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا بېرىپ، يەنە بىرىنىڭكىنى قايرىپ قويىدىغانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇ (قىلمىش) ئۆزىنىغا قالماي ئۆزگە يانىدۇ. چۈنكى مەھرۇم قالدۇرۇلغان بالا كۆپ ھاللاردا كېلەچەكتە ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلمايدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەرسە كېرەك بېرىشتە

باللىرى ئوتتۇرسدا ئېگىز-پەسلىك قىلغان كىشىگە « ئۇلارنىڭ كەلگۈسدە سىزگە ياخشىلىق قىلىشتا باراۋەر (ئوخشاش) بولىشى سىزنى خۇرسەن قىلمامدۇ؟» دىگەن ئىدى.

# ئېھتياجى يوق تۇرۇپ پۇل-مال سوراش (تىلەمچىلىك قىلىش)

سەھىل بىن ھەنزەلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى. ئۇ ئېيتىدۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن ئىدى،« كىمكى يېنىدا ئۆزىنى بىھاجەت قىلىدىغان نەرسە بار تۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلسا، جەھەننەم چوغىدىن كۆپەيتىۋالغان بولىدۇ. ساھابىلەر سورىدى، قانچىلىك پۇل-مېلى تۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلسا بولمايدۇ؟ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ‹كەچ قىلغۇچىلىك ۋە تاڭ ئاتقۇزغۇچىلىك يەتكۈدەك نەرسىسى›» [ئەبۇ داۋۇد]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى، ئۇ ئېيتىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ئىدى. كىمكى يېنىدا ئۆزىگە يەتكىدەك نەرسە تۇرۇقلۇق تىلەمچىلىك قىلسا، قىيامەت كۈنى يۈزىدە تىرناق ئىزى بار ھالدا(مەھشەرگە) كېلىدۇ. [ئىمام ئەھمەد]

بەزى دىۋانىلەر مەسجىد-جامىلەر(نىڭ سەينالىرى)دا ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئالدىدا تۇرۇپ، دەرت ئەلەملىرىنى تەسبىھلەرگە تۆكىدۇ. بەزىلىرى يالغان ئېيتىدۇ، ياسما ھۆججەتلەرنى تۈزۈپ ھىكايە توقۇيدۇ. گاھى چاغلاردا ئائىلە مەنسۇپلىرىنى مەسجىدلەرگە تارقىتىدۇ. كېيىن جەملەيدۇ ۋە بىر مەسجىدتىن يەنە بىرىگە كۆچىدۇ. ئۇلارنىڭ بايلىقى شۇ قەدەر كۆپكى پەقەت ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. ئۇلار ئۆلگەن چاغلىرىدا قويۇپ كەتكەن پۇل - ماللىرى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇلاردىن باشقا، پاك دىن ـــ دىيانەتلىك بولغىنى ئۈچۈن كىشىلەرگە ئېسىلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدىغان، سەدىقە بىرىش ئۈچۈن يوقسۇللىقى بىلىنمەيدىغان، ھەقىيقى مۇھتاجلارنى ئۇقمىغان كىشىلەر ئۇلارنى باي دەپ گۇمان قىلىدۇ.

## قەرز ئېلىپ ئۇنى قايتۇرۇشقا ياناشماسلىق

ئاللاھنىڭ نەزىرىدە بەندىلەرنىڭ ھەقلىرى تولىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. كىشى ئاللاھنىڭ ھەققىدىن تەۋبە قىلىش ئارقىلىق قۇتۇلغىنى بىلەن، دىنار ۋە دەرھەم بىلەن ئەمەس بەلكى ياخشىلىق  ۋە يامانلىق بىلەن ھۆكۈم كېسىلىدىغان كۈن (قىيامەت) يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى تۆلىمەي تۇرۇپ بەندىلەرنىڭ ھەقلىرىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلا مۇنداق دېگەن ئىدى: «شۇبھىسىزكى

ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرىيدۇ.» [نىسا. 58]

جەمئىيەتتە ئەۋج ئېلىپ كەتكەن ئىشلارنىڭ بىرى قەرىز ئېلىشنى ئاددى ھىساپلاش. بەزىلەر قەرىزنى جىددى ئېھتىياج سەۋەبىدىن ئەمەس بەلكى كەڭتاشا ياشاش، ئاپتۇمبىلنى يېڭىلاش، ئۆي سەرەمجانلىرىنى تولۇقلاش ۋە ھەرخىل ئەشيالار، ۋاقىتلىق ئەخلەت-چاۋارلاردىن ئىبارەت ئىشلار ئۈچۈن ئالىدۇ. كۆپ ۋاقىتلاردا ئۇلار شۈبھىلىك ياكى ھارامدىن خالى بولالماسلىقى تولىراق بولغان نىسى سېتىش ھەركەتلىرىگە داخىل بولىدۇ. قەرىز ئېلىش ئىشىدا سەل قاراش، ئۇنى تۆلەشتە ئارقىغا سوزۇشقا يول باشلامچىلىق قىلىدۇ، ياكى باشقىلارنىڭ پۇل-ماللىرىنى ھالاك قىلىش ۋە بۇزۇپ چېچىشقا ئېلىپ بارىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ قىلمىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن ھوشيار بولۇشقا ئۈندەپ مۇنداق دېگەن ئىدى. «كىمكى كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى تۆلەش مەقسىتىدە ئالسا ئاللاھ ئۇ كىشى ئۈچۈن تۆلەپ بېرىدۇ. كىمكى كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى يوقىتىش (يەۋېلىش) نىيىتىدە ئالسا ئاللاھ ئۇ كىشىنى يوقىتىدۇ.» [بۇخارى]

كىشىلەر كۆپ ھاللاردا قەرىز ئىشىنى ئاددى ھىساپلايدۇ ۋە سەل قارايدۇ. ھالبۇكى ئۇ ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا تولىمۇ چوڭ بىر ئىش. ھەتتا شەھىد، ئۇلۇغۋار ئالاھىدىلىكلەر، كاتتا ساۋاپ ۋە ئالى مەرتىۋىگە ئىگە بولۇپ تۇرۇپ قەرىز مەسئۇلىيىتىدىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ. رەسۇلۇللاھ

سەلـلـەللاھـۇ ئـەلـەيھـى ۋەسـەلـلـەمـنـىڭ مۇنـۇ سـۆزى شـۇنـى كـۆرسـتـىـپ بـىـرىـدۇ: «ئـالـلاھ پـاكـتـۇر، قـەرىـز تـوغـرىـسـىـدا نـىـمـە دېـگـەن ئـېـغـىـر ھـۆكـۈم نـازىـل قـىـلـدى. جېـنـىـم ئـۇنـىـڭ ئـىـلـكـىـدە بـولـغـان زات (ئـالـلاھ )بـىـلـەن قـەسـەم قـىـلـىـمـەنـكـى ، مۇبـادا بـىـر كـىـشـى ئـالـلاھ يـولـىـدا ئـۆلـتـۈرۈلـۈپ، ئـۇنـدىـن كـىـيـىـن تـىـرىـلـدۈرۈلـۈپ، ئـۇنـدىـن كـىـيـىـن ئـۆلـتـۈرۈلـۈپ، ئـۇنـدىـن كـىـيـىـن يـەنـە ئـۆلـتـۈرۈلـسـە، ئـۇسـتـىـدە قـەرزى بـار تـۇرۇپ جـەنـنـەتـكـە كـىـرەلـمـەيـدۇ. تـاكـى قـەرزى تـۆلـەنـمـىـگـىـچـىـلـىـك» [نـەسـەئـى] ئـۇھـەددىـدىـن ئـاشـقـان پـەرۋاسـىـزلار بـۇ ئـەھـۋالـدىـن كـىـيـىـن قـانـداقـمۇ خـۇشـال بـولالايـدىـغـانـدۇ؟

# ھارام يول بىلەن پۇل تېپىش

ئـالـلاھـتـىـن قـورقـمـايـدىـغـان كـىـشـى، پـۇل-مـالـنـى قـەيـەردىـن تـېـپـىـشـى ۋە قـەيـەرگـە خـەجـلـىـشـىـگـە پـەرۋا قـىـلـىـپ كـەتـمـەيـدۇ. ئـۇنـىـڭ بـارلـىـق غـايـىـسـى ھـارام يـولـدىـن بـولـسـىـمۇ پـۇل-مـېـلـىـنـى كـۆپـەيـتـىـش. ئـوغـۇرلـۇق قـىـلامـدۇ؟، پـارا ئـالامـدۇ؟، بـۇلاڭـچـىـلـىـق قـىـلامـدۇ؟، سـاخـتـىـپـەزلـىـك ـ ئـالـدامـچـىـلـىـق قـىـلامـدۇ؟، ھـارام نـەرسـىـنـى ئـېـلـىـپ سـاتـامـدۇ؟، جـازانـە يـەمـدۇ؟، يـېـتـىـم - يـېـسـىـرنـىـڭ پـۇل-مـېـلـىـنـى يـەمـدۇ؟، رامـبـالـلـىـق ، زىـنـا-پـاھـىـشـە، نـەغـمـە- نـاۋادەك ھـارام ئـىـشـقـا ئـىـش ھـەقـقـى ئـالامـدۇ؟، مۇسـۇلـمـانـلارنـىـڭ دۆلـەت خـەزىـنـىـسـىـگـە ۋە ئـامـمـىـنـىـڭ مـال-مۈلـكـىـگـە چـېـقـىـلامـدۇ؟، بـاشـقـىـلارنـىـڭ مـال - مۈلـكـىـنـى مـەجـبـۇرى تـارتـىـۋالامـدۇ؟، ئـېـھـتـىـيـاجـى يـوق تـۇرۇپ تـىـلـەمـچـىـلـىـك

قىلامدۇ؟ بۇنىسى موھىم ئەمەس. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭدىن يەپ ئىچىدۇ، كىيىنىدۇ، قاتناش ۋاستىسى ئالىدۇ، ئۆي سالىدۇ ياكى كىرالايدۇ ۋە ئۆي سەرەمجانلىرىنى ئالىدۇ. ھارامدىن قورسىقىنى بورداىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ئىدى: «ھارامدىن ئۆسكەن ھەرقانداق گۆش (ئۇستىخان) غا دوزاخ ئەڭ لايىقتۇر.» [تىبرانى]

قىيامەت كۈنى پۇل-مېلىنى قەيەردىن تاپقانلىقى ۋە نەگە خەجلىگەنلىكىدىن سوراقىقا تارتىلىدۇ. ئۇ يەردە ھالاكەت ۋە زىيانغا يولۇقىدۇ. ئۇنداقتا قول ئىلكىدە ھارام بار كىشى ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا ئالدىرىشى كېرەك. ئەگەر كىشىنىڭ ھەققى بولسا دىنار ۋە دەرھەم بىلەن ئەمەس بەلكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق (گۇناھ، ساۋاپ) بىلەن ھۆكۈم قىلىنىدىغان كۈن يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ئەپۇ سوراش ئارقىلىق ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا ئالدىرىشى لازىم.

## بىرەر تامچە مىقتارىچىلىك بولغان تەقدىردىمۇ ھاراق ئىچىش

ئاللاھ تائالا ئېيتتى« ئى مۆئمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش،بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار)غا

چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ قىلمىشىدىن يىراق بولۇڭلار.» [مائىدە. 90]

يىراق بولۇشقا بۇيرىغانلىق، ھارام- ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئەڭ كۈچلۈك دەلىللەرنىڭ بىرى. (مەزكۇرئايەتتە) ھاراق (سۆزى) كاپىرلارنىڭ ئىلاھلىرى، مەبۇدلىرى بولغان بۇتلار (سۆزى) بىلەن بىر قاتاردا تىلغا ئالغانلىقى«ئاللاھ ھارام دېمەستىن يىراق بولۇڭلار دېدىغۇ» دىگۈچىلەرگە قارشى مۇستەھكەم پاكىتتۇر.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسىدە ھاراق ئىچكەن كىشىگە قارىتا ئاگاھلاندۇرۇش كەلگەن ئىدى. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرپۇئ رەۋىشتە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە شۇنداق دېيىلگەن. «شۈبھىسىزكى مەس قىلغۇچى (ھاراق)نى ئىچكەن كىشنى‹تىينەتۇلخەبال›دىن سۇغۇرۇشقا ئاللاھنىڭ ئەھدىسى بار. ساھابىلەر سورىدى، يا رەسۇلۇللاھ! <تىينەتۇلخەبال دېگەن نىمە؟> پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، - دوزاخ ئەھلىنىڭ قان يىرىڭى دەپ جاۋاپ بەردى» [مۇسلىم] يەنە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرپۇئ رەۋىشتە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە «كىمكى داۋاملىق ھاراق ئىچكۈچى ھالىتىدە ئۆلۈپ كەتسە، ئاللاھقا خۇددى بۇتقا چوقۇنغۇچىغا ئوخشاش(مەرتىۋىدە) يولۇقىدۇ.» [تىبرانى]

دەۋرىمىزدە ھاراق ۋە مەس قىلغۇچى نەرسىلەرنىڭ تۈرلىرى غايەت

زور دەرىجىدە كۆپىيپ كەتتى. ئەرەپچە ۋە چەتئەل تىللىرىدىكى ئىسىملىرى ئاۋۇدى. ئۇلارغا «جوئە» «كومول» «ئىرق» «ۋوتكا» «شامپانيا» (ئۇزۇم هارىقى، پىۋا دىگەندەك) ... قاتارلىق ناملارنى قويدى. بۇ ئۇممەت (مۇسۇلمانلار) ئىچىدە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ سۆزىدىكى تائىپىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. «ئۇممىتىم ئىچىدە بىر تۈركۈم كىشىلەر هاراقنى باشقا نام بىلەن ئاتاپ ئىچىدۇ» [ئىمام ئەھمەد]

ئۇلار ھىلىگەرلىك ۋە سۆزمەنلىك قىلىپ «هاراقلار» دىگەننىڭ ئورنىغا «روھى ئىچىملىكلەر» دىگەن نامنى ئىشلىتىدۇ. «ئۇلار ئاللاھنى ۋە مۆئمىنلەرنى ئالدىماقچى بولىدۇ. ھەقىقەتتە ئۇلار ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ.» [بەقەرە. 9]

شەرىئەت، ئىشنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتىدىغان،(ئوخشىمىغان ئىسىملارنى قويۇش ئارقىلىق) ئوينىشىدىغان پىتنىلەرگە خاتىمە بىرىدىغان مۇستەھكەم نىزامنامە ئېلىپ كەلگەن. ئۇ بولسا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «ھەرقانداق مەس قىلغۇچى (نەرسە) ھاراقتۇر، ھەرقانداق مەس قىلغۇچى (نەرسە) ھارامدۇر.» [مۇسلىم] دىگەن سۆزىدۇر.

دىمەك ئەقىلنى قايمۇقتۇرىدىغان ۋە مەس قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسە ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ئوخشاشلا ئېغىر گۇناھ. ناملىرى خىلمۇ-خىل ۋە كۆپ بولۇپ كەتسىمۇ مەقسەت قىلىنغان

نەرسە بىردۇر ۋە ھۆكمى مەلۇملۇق(ئېغىر گۇناھ)تۇر.

ئاخىردا، تۆۋەندىكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاراق ئىچىشكە قارىتا نەسىھىتىدۇر. ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: «كىمكى ھاراق ئىچسە ۋە مەس بولسا قىرىق بامدات نامىزى مەقبۇل بولمايدۇ. ئەگەر ئۆلۈپ كەتسە دوزاخقا كىرىدۇ. تەۋبە قىلغان تەقدىردە ئاللاھ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىدۇ. ئەگەر قايتا ھاراق ئىچىپ مەس بولسا قىرىق بامدات نامىزى مەقبۇل بولمايدۇ. ئەگەر ئۆلۈپ كەتسە دوزاخقا كىرىدۇ، تەۋبە قىلغان تەقدىردە ئاللاھ گۇناھىنى كەچۈرىدۇ. ئەگەر يەنە قايتا ھاراق ئىچسە ئاللاھنىڭ ئۇنى قىيامەت كۈنى «رىدغەتۇلخەبال» دىن سۇغۇرۇشقا ئەھدىسى بار. (ساھابىلەر) سورىدى، يا رەسۇلۇللاھ! رىدغەتۇلخەبال دىگەن نىمە؟

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەھلى دوزاخنىڭ قان يىرىڭى- دېدى.» [ئىبنى ماجە]

مەنئى قىلغۇچى نەرسىلەرنى ئىستىمال قىلغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى ئۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىقراق بولغان زەھەرلىك چېكىملىكلەر (خىروئىن،كوكايىن، نەشە،ئەپيۇن)نى ئىستىمال قىلغۇچىلارنىڭ ھالى قانداق بولار؟

# ئالتۇن، كۈمۈش قاچىلارنى ئىشلىتىش ۋە ئۇلاردا يەپ ئىچىش

بۈگۈنكى كۈندە ئۆي سەرەمجانلىرى ساتىدىغان ئورۇنلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ، ئالتۇن ۋە كۈمۈش ياكى ئۇلار بىلەن سىرلانغان قاچىلاردىن خالىي بولىشى بەك قىيىن. شۇنداقلا بايلارنىڭ ئۆيلىرى ۋە نۇرغۇنلىغان مېھمان كۈتۈشلەر (ئۇلار بىلەن بېزەلمەكتە) ھەتتا بۇخىلدىكى قاچىلار ئىسىل سوۋغات بويۇملىرى قاتارىغا ئايلانغان بولۇپ، كىشىلەر ئادەمگەرچىلىك ئىشلىرىدا بىر-بىرىگە تەقدىم قىلىشىدۇ. بەزىلەر ئۇلارنى ئۆز ئۆيىدە قويمىسىمۇ باشقىلارنىڭ ئۆيلىرى ۋە توي-تۆكۈنلىرىدە ئىشلىتىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى شەرئىيەتتە ھارام قىلىنغان ئىشلاردىندۇر.پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بۇ قاچىلارنى ئىشلەتمەسلىك توغرىسىدا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش كەلگەن. ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مەرپۇئ رەۋىشتە رىۋايەت قىلىنىشچە: «شۈبھىسىزكى ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىدا يىگەن ياكى ئىچكەن كىشى چوقۇم قارنىدا جەھەننەم ئوتىنى سۆرەيدۇ.» [مۇسلىم]

بۇ ھۆكۈم پۈتۈن قاچا-قۇچا تۈرىدىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: تەخسە، ۋىلكا، چۆمۈچ، پىچاق، زىياپەتتە ئىشلىتىلگەن قاچا-قۇچىلار ۋە توي-تۆكۈندەك باشقا سورۇنلاردا قويۇلغان مۇرابىا

قۇتىلىدۇ.

بەزىلەر بىز ئالتۇن، كۈمۈش قاچىلارنى ئىشلەتمەيمىز، پەقەتلا زىننەت ئۈچۈن ئەينەك ئارقىسىدىكى ئىشكاپلارغا قويۇپ قويىمىز دېيىشىدۇ. ئۇنى ئىشلىتىشكە ئايرىيدىغان يولنى ئېتىش ئۈچۈن بۇمۇ جائىز ئەمەس.

# يالغان گۇۋاھلىق بېرىش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: سىلەر بۇتلاردىن ئىبارەت نىجىستىن ساقلىنىڭلار. يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن ساقلىنىڭلار. ئاللاھقا خالىس ئىبادەت قىلىڭلار. ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەڭلار. [ھەج. 30-31]

ئابدۇراھمان بىن ئەبۇبەكرەتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇ. ئۇ ئېيتقان ئىدى. بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە ئەڭ چوڭ گۇناھنى ئېيتىپ بەرمەيمۇ؟ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا-ئانىنى قاخشىتىش ، رەسۇلۇللاھ ئۇ سۆزنى ئۆزلۈكسىز تەكرارلىدى. ھەتتا بىز (ئىچىمىزدە) كاشكى توختىغان بولسا- دەپ قالدۇق.» [بۇخارى] بۇ يەردىكى يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن پەخەس بولۇشقا قايتا-قايتا جېكىلەشتىكى سەۋەپ، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا سەل قارىغانلىقى،

ئۆچمەنلىك ۋە ھەسەت (چىدىيالماسلىقتىن) ئىبارەت كۆپلىگەن ئامىللارنىڭ ئۇنىڭغا سەۋەپ بولغانلىقى ھەمدە بۇ تۈپەيلى نۇرغۇنلىغان پىتنە-پاسات تۇغۇلىدىغانلىقىدۇر. يالغان گۇۋاھلىق بېرىش سەۋەبىدىن بىرمۇنچە ھەقلەر (كىشىنىڭ ھەققى) بىكار بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ تۈپەيلى قانچىلىغان ياخشى كىشىلەرگە ئۇۋال بولىدۇ ۋە ياكى خالايىقلار ھەقلىق بولمىغان نەرسىلەرگە ئېرىشىدۇ ياكى بولمىسا ئۇنىڭغا ئاساسلىنىپ ئۆز نەسەبى (ئەسلى)دىن بولمىغان نەسەپ چېتىپ قويۇلۇلىدىغان ئىشلار يۈز بېرىدۇ،

بەزى كىشىلەرنىڭ سوت مەھكىمىلىرىدە تېخى شۇ يەردىلا ئۇچراشقان كىشىگە «سەن مەن ئۈچۈن گۇۋاھچى بول، مەنمۇ سەن ئۈچۈن گۇۋاھچى بولاي» دېيىشى، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىكى سەل قاراشتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن رېئال ئەمىلىيەتنى بىلىش تەقەززا قىلىدىغان ئىشتىمۇ گۇۋاھچى بولىدۇ. مەسلەن: پەقەت مەھكىمە دەرۋازىسى يېنىدا ياكى كارىدۇرىدا ئۇچراشقان تۇرۇقلۇق، يەر-زىمىن، ئۆي-مۈلۈك ياكى بىگۇناھ ئىكەنلىكى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىشتەك، بۇ بولسا يالغان ۋە ئالدامچىلىقتۇر. گۇۋاھلىق دېگەن ئاللاھنىڭ كىتابىدا ۋارىد بولغىنىدەك (ئۇسۇلدا) بولىشى لازىم. «بىز پەقەت بىلگەن نەرسىمىز ئۈستىدىلا گۇۋاھلىق بېرىۋاتىمىز» [يۈسۈف. 81]

# غەيۋەت(بىراۋنىڭ يامان گېپىنى) قىلىش

كۆپلىگەن سورۇنلارنىڭ يەل-يىمشى مۇسۇلمانلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈشكە ئايلىنىپ قالدى. ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ تائالا توسقان، ئۇنىڭدىن بەندىلىرىنى ھەزەر ئەيلەشكە ئۈندىگەن ۋە ئۇنى كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىدىغان يىرگىنىشلىك بىر تەسۋىرگە ئوخشىتىپ مۇنداق دېگەن: بىر-بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر. ئاللاھتىن قورقۇڭلار!... [ھوجۇرات.12]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇقارقى ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى «غەيۋەت دىگەن نىمە، بىلەمسىلەر؟» دىگەن سۆزى ئارقىلىق ئىزاھلىغان ئىدى، ساھابىلەر: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ياخشى بىلىدۇ»دېيىشكىنىدە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى «سېنىڭ بۇرادىرىڭنىڭ ياقتۇرمايدىغان تەرىپىنى تىلغا ئېلىشىڭدۇر.» ئەگەر مەن تىلغا ئالغان تەرەپ بۇرادىرىمدە تېپىلسىمۇ شۇنداقمۇ؟- دەپ سورالغىنىدا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەگەر سىنىڭ ئېيتقىنىڭ بۇرادىرىڭدە تېپىلسا ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان بولىسەن، ئەگەر تېپىلمىسا ئۇنىڭغا بوھتان چاپلىغان بولىسەن»- دىدى. [ مۇسلىم]

دىمەك، غەيۋەت بىر مۇسۇلماننىڭ تەن قۇرۇلمىسى، دىنى، دۇنياسى، ئەدىبىسى، ئەخلاقى ۋە تاشقى كۆرۈنىش ھەققىدە ياقتۇرمايدىغان تەرىپىنى تىلغا ئېلىشتۇر. بۇنىڭ كۆپلىگەن شەكىللىرى بولۇپ، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئەيىپىنى تىلغا ئېلىش ياكى ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلىش.

كىشىلەر ئاللاھنىڭ نەزىرىدە قەبىھ ۋە يىرگىنىشلىك ھېساپلانغان «غەيۋەت» مەسىلىسىگە سەل قارايدۇ. ئۇنىڭ قەبىھلىكىنىڭ دەلىلى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇ سۆزىدۇر. «جازانە 72 دەرۋازىدۇر، ئۇنىڭ ئەڭ ئاددىيسى كىشىنىڭ ئانىسىغا كەلگىنىگە ئوخشاش، جازانىنىڭ ئەڭ ئېغىرى كىشىنىڭ بۇرادىرىنىڭ يۈز ئابرۇيىغا تېگىشىدۇر.» [سىلسىلەتۇسسەھىھە]

سۆھبەتكە قاتناشقان كىشىگە (باشقىلارنى) يامان ئېشىتىن توسۇش ۋە غەيۋەتنى قىلىنغان قېرىندىشىنى قوغدىشى ۋاجىپ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ سۆزى ئارقىلىق ئۇنىڭغا رىغبەتلەندۇرگەن ئىدى: «كىمكى بۇرادىرى (دىنى قېرىندىشى)نىڭ يۈز-ئابرۇيىنى قوغداپ رەددىيە بەرسە، ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ چېھرىدىن دوزاخنى قايتۇرىۋېتىدۇ. [ئىمام ئەھمەد]

# چېقىمچىلىق، سۇخەنچىلىك قىلىش

ئارىنى بۇزۇش ئۈچۈن بىر-بىرىنىڭ ئارىسىدا گەپ توشۇش، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەتنى تۇتاشتۇرىدىغان، رىشتىلەرنى ئۈزۈپ تاشلايدىغان ئەڭ چوڭ سەۋەپلەردىن بىرى. ئاللاھتائالا بۇ قىلمىشنى ئىشلىگەن كىشىنى ئەيىپلەپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «قەسەمخور، پەس، غەيۋەتخور، سۇخەنچى، بېخىل، ھەددىدىن ئاشقۇچى، گۇناھكار، قوپال، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھارامدىن بولغان ئادەم (يەنى ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە)گە ئىتائەت قىلمىغىن.» [قەلە. 10-11]

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرفۇئ رەۋىشتە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە «چېقىمچى جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېيىلگەن [بۇخارى]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى. ئۇ ئېيتىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىدىكى بىر تامنىڭ يېنىدىن ئۆتىۋېتىپ، قەبرىلىرىدە ئازاپلىنىۋاتقان ئىككى ئادەمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ مۇنداق دىگەن ئىدى: «ئۇ ئىككەيلەن ئازاپلىنىۋاتىدۇ، چوڭ بىر ئىش تۈپەيلى ئەمەس دەپ بولۇپ ئۇنىدىن كېيىن ئېيتتى، ھەراست (يەنە بىر رىۋايەتتە ھەقىقەتەن چوڭ ئىش) ئۇ ئىككىيلەننىڭ بىرى سۈيدىكىدىن پاكىزلانمايتتى، يەنە بىرى بولسا چېقىمچىلىق قىلاتتى.» [بۇخارى]

بۇ قىلمىشنىڭ ئەڭ يامان شەكىللىرىدىن بىرى، ئەرگە ئايالىنى

غەرەزلىك ھالدا چېقىش، ئايالىغا ئېرىنى چېقىش ۋە ئوتتۇردىكى رىشتىنى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن يۈگرەش. شۇنداقلا بەزى كادىرلارنىڭ ئۆزگىنى زىيانغا ئۈچرىتىش مەقسىدىدە باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى مۇدىر ياكى مەسئۇلغا توشۇشمۇ بىر خىل كۆرۈنۈش. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئېغىرگۇناھ ئىشلارنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ.

## ئىجازەتسىز ھالدا كىشلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كۆز تاشلاش

ئاللاھتائالا ئېيتتى: «ئى مۆئمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار...» [نۇر. 27]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئىجازەت سوراشتىكى سەۋەپنىڭ، ئۆي ئىگىلىرىنىڭ ئەۋرەتلىرىگە (بۇ يەردىكى ئەۋرەت دىگەندىن «مەخپىيەتلىك» باشقىلارنىڭ ۋاقىپ بولىشىنى كىشلەر خالىمايدىغان دىگەن مەنىدە) قاراشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاپ مۇنداق دىگەن ئىدى: «ئىجازەت سوراش كۆز ئۈچۈن (قائىدە) قىلىندى» [بۇخارى]

بۈگۈنكى كۈندە بىنالارنىڭ (بىر-بىرىگە) يېقىنلىقى، ئۆي ئىمارەتلەرنىڭ بىر- بىرىگە تۇتاشقانلىقى ۋە دېرىزە ئىشكلەرنىڭ قارىشىپ ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل تۇرغانلىقى نەتىجىسىدە خۇلۇم-خوشنىلار

بىر-بىرىگە قارىشى، ئوچۇق قېلىش ئېھتىمالى يۇقىرى دەرىجىگە چىقتى. كۆپىنچىلىرى كۆزلىرىنى يىغمايدۇ، بەزىدە ئېگىزدە ئولتۇرغانلار دەرىزە ئۆگزىلىرىدىن ئاستىدىكى خۇلۇم-خوشنىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كۆز ئاتىدۇ. بۇ بولسا خوشنىنىڭ مەھرەمىيتىنى بۇزۇپ تاشلىغانلىق ۋە ھارامغا ئاپىرىدىغان ۋاستىدۇر. ئۇ تۈپەيلى نۇرغۇن بالا ۋە پىتنە مەيدانغا كەلدى.

مەسلىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىگە دەلىل بولۇش ئۈچۈن، شەرىئەتنىڭ ئىجازەتسىز ماراپ كۆز ئاتقان كىشىنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋ-ېتىشقا ئەرزىيدىغانلىقىنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقى يېتىپ ئاشىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ئىدى: «كىمكى بىر قەۋمنىڭ ئىجازىتىسىز ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كۆز تاشلىسا، ئۇلارغا ئۇ كىشىنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋىتىشى ھالال بولدى.» [مۇسلىم] يەنە بىر رىۋايەتتە «ئۇنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋەتسە نە دىيەت، نە قىساس يوق» [ئىمام ئەھمەد]

# ئىككىيلەننىڭ ئۈچىنچى كىشىنى ئايرىپ قويۇپ پىچىرلىششى

بۇ، سورۇنلارنىڭ ئاپەتلىرىدىن، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنى بۆلۈش ۋە بىر-بىرىگە قارشى قۇترىتىش مەقسەد قىلىنغان شەيتاننىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۆكمى ۋە سەۋەبىنى ئوتتۇرغا قويغان ھالدا مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەر ئۈچ كىشى بولساڭلار يەنە بىرىنى قايرىپ قويۇپ ئىككىيلەن پىچىرلاشماڭلار، تاكى كىشىلەرگە قېتىلغۇچىلىك، چۈنكى بۇ ئۇ كىشىنى ئەندىشىلەندۈرۈپ قويىدۇ.» [بۇخارى] ئۈچ كىشىنىڭ تۆتىنچى بىر كىشىنى ئايرىپ قويۇپ پىچىرلىششى قاتارلىقلارمۇ بۇ ھۆكۈمگە كىرىدۇ. شۇنداقلا ئىككىيلەننىڭ ئۈچىنچى بىر شەخس چۈشەنمەيدىغان بىر تىلدا سۆزلىشىمۇ شۇ قاتاردىن. پىچىرلىشىشتا ئۈچىنچى كىشىنى بىر خىل كۆزگە ئىلماسلىق ياكى ئۇنىڭغا يامانلىقنى ئويلىشىۋاتقان ۋەھىمە پەيدا قىلىش قاتارلىقلارنىڭ بولىشىدا شەك يوق.

# كىيىمنى ئۆزارتىۋېلىش

كىيمنى ئۆزارتىۋېلىش كىشىلەر سەل قاراۋاتقان، بىراق ئاللاھنىڭ

ھوزۇرىدا تولىمۇ ئېغىر ئىشلارنىڭ بىرى. كىيىمنى ئۇزارتىۋېلىش دېگەندە ئىككى ئوشۇقنىڭ ئاستىغا ئۇزارتىش نەزەردە تۇتۇلىدۇ. بەزىلەرنىڭ كىيىمى يەرگە تېگىپ قالىدۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ بولسا ئارقىدىن يەرگە سۆرىلىپ قالىدۇ.

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرپۇئ رەۋىشتە مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان ئىدى. «ئۈچ تۈلۈك كىشى بار، ئاللاھ ئۇلارغا قىيامەت كۈنى سۆزلىمەيدۇ، نەزەر سالمايدۇ ۋە (گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىپ) پاكلىمايدۇ. ئۇلارغا دەرتلىك ئازاپ بار. ئۇلار كىيىمنى ئۇزارتىۋالغۇچى، (باشقا بىر رىۋايەتتە تونىنى...) مىننەتخور (باشقا بىر رىۋايەتتە بىر نەرسە بەرسلا ئۇنىڭ مىننىتىنى قىلىدىغان كىشى) يالغان قەسەم بىلەن مېلىنى ساتقۇچى» [مۇسلىم]

كىيىمنى ئۇزارتىش تەكەببۇرلۇق يۈزىسىدىن ئەمەس دەپ ئۆزىنى ئاقلاشقا تىرىشقان كىشىنىڭ سۆزى ئېناۋەتكە ئىگە ئەمەس. كىيىمنى ئۇزارتىۋالغۇچىغا قارىتا ئاگاھلاندۇرۇش ئومۇمى مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، تەكەببۇرلۇقنى مەقسەد قىلسۇن، قىلمىسۇن پەرقى يوق. شۇنداقلا ئۇنىڭغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ سۆزى دەلىل بولىدۇ. «ئىشتاندىن ئىككى ئوشۇقنىڭ ئاستىدىكىسى دوزاختا.» [ئىمام ئەھمەد]

ئەگەر تەكەببۇرلۇق يۈزىسىدىن ئۇزارتىۋالغان بولسا ئۇنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىق ۋە ئېغىر بولىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ئىدى: «تەكەببۇرلۇق قىلىپ كىيىمىنى سۆرىۋالغان كىشىگە ئاللاھ قىيامەت كۈنى نەزەر سالمايدۇ. »[بۇخارى]

ئىككى خىل گۇناھنى ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ. ھەرقانداق كىيىمنى ئۇزارتىۋېلىش گۇناھ. ئۇنىڭغا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرفۇئ رەۋىشتە رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىس دەلىل قىلىدۇ. «(كىيىمنى) ئۇزارتىۋېلىش تون، كۆينەك، سەللىلەردە مەۋجۇد. كىمكى تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئۇلاردىن بىر نەرسىنى سۆرىسە ئاللاھ ئۇ كىشىگە قىيامەت كۈنى نەزەر سالمايدۇ. [ئەبۇ داۋۇد]

شامال ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىلەر توپەيلى ئوچۇق قالمىسۇن ئۈچۈن ئېھتىيات قىلىپ، ئايال كىشىگە ئىككى پۇتىنى يۆگەش مەقسىتىدە بىر غېرىچ ياكى بىر گەز قويىۋېتىشى رۇخسەت، لېكىن ھەددىدىن ئاشۇرىۋېتىشكە بولمايدۇ. مەسلەن، بەزى توي كىيىملىرىنىڭ غېرىچلار ۋە مېتىرلارچە سوزۇلغان ۋە بەزىدە ئارقىسىدىن كۆرۈنگەن ھالدىكىلىرىدەك.

# ئەرلەرنىڭ قايسى شەكىلدە بولمىسۇن ئالتۇن بىلەن زىننەتلىنىشى

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرفۇئ رەۋىشتە رىۋايەت قىلىنىشچە: «ئۈممىتىمنىڭ ئاياللىرىغا يىپەك ۋە ئالتۇن ھالال

قىلىندى، ئەرلىرىگە هارام قىلىندى»  [ئىمام ئەهمەد]

بۈگۈنكى كۈندە بازارلاردە مەخسۇس ئەرلەر ئۈچۈن ئىشلەپ چىقىرىلغان كۆپلىگەن سانائەت بويۇملىرى بار، ئۇلار ئوخشىمىغان مىقداردىكى ئالتۇندىن ئىشلەنگەن ياكى تەلتۆكۈس ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن سائەت، كۆز ئەينەك، تۈگمە، قەلەم، سىيرىما ۋە مىداليۇن، يەنە بەزى مۇسابىقە موكاپاتلىرىدا ئېلان قىلىنغان «ئەرلەرنىڭ ئالتۇن سائىتى»مۇ ناتوغرا ئىشلار قاتارىدىن.

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىنىڭ قولىدا ئالتۇن ئۈزۈكنى كۆرۈپ، ئۇنى ئېلىپ تاشلىۋەتتى ۋە مۇنداق دىدى: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار دوزاختىن بىر چوغنى مەقسەد قىلىپ قولىغا قويىۋالامدۇ؟» پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېتىپ بولغاندىن كيىن ئۇ كىشىگە «ئۈزۈكىڭنى ئېلىپ پايدىلانغىن» دىيىلگەندە، ئەزبىرايى خۇدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاشلىۋەتكەن ئۇ نەرسىنى ھەرگىز ئالمايمەن- دېگەن ئىدى. [مۇسلىم]

# ئاياللارنىڭ قىسقا، نېپىز ۋە تار كيىم كيىشى

دەۋرىمىزدە دۈشمەنلىرىمىزنىڭ بىزگە قارشى ئاچقان ئۇرۇشلىرى-نىنىڭ بىرى مودا كيىملىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەكىللىرىنى تۈزدى ۋە

مۇسۇلمانلار ئىچىدە بازار تاپتى. مۇدا كىيىملەر قىسقا ياكى نېپىز ۋە ياكى تارلىقى تۈپەيلى ئەۋرەتنى يۆگىمەيدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ھەتتا ئاياللار ۋە مەھرەملەر ئالدىدا كىيىشمۇ جائىز ئەمەس. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاخىر زاماندىكى ئاياللاردا بۇ خىل كىيىملەر پەيدا بولىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان ئىدى. مەسلەن: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان مەرفۇئ ھەدىستە كېلىشىچە: «دوزاخ ئەھلىدىن ئىككى سىنىپ باركى ئۇلارنى كۆرمىدىم. كالىنىڭ قۇيرۇقلىرىغا ئوخشايدىغان قامچىلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئۇرىدىغان بىر قەۋم ۋە كىيىم كەيگەن يالىڭاچ (ئەرلەرنى) جەلىپ قىلغۇچى، باشلىرى تۆگىلەرنىڭ سالپايغان لوكىلىرىغا ئوخشاش سالپىيىغلىق ئاياللاركى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، پۇرىقىغىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ. ھالبۇكى جەننەتنىڭ پۇرىقى ئاجايىپ يىراق مۇساپىدىن ئېرىشىلىدۇ. [مۇسلىم]

بەزى ئاياللارنىڭ كىيىۋالغان ئاستى تەرىپىدىن ئۈزۈنسىغا ئوچۇق ياكى بىر قانچە يېرىدە چېكى بار كىيىملەرمۇ يۇقارقى كىيىم-كېچەكلەر قاتارىغا كىرىدۇ. ئولتۇرىدىغان بولسا ئەۋرىتى (پاقالچىقى، كۆكسى ۋە يوتىلىرى) كۆرۈنۈپ قالىدۇ. ھەمدە كاپىرلارغا ئۆزىنى ئوخشۇتۇش، مودىدا ۋە ئۇلار پەيدا قىلغان چاكىنا كىيىم-كېچەكلەردە ئارقىسىدىن ماڭغانلىق بولىدۇ. ئاللاھتىن بىزگە (مەزكۇر قىلمىشلاردىن) ئامانلىق تىلەيمىز.

شۇنداقلا خەتەرلىك ئىشلارنىڭ بىرى بەزى كىيىملەردىكى بولمىغۇر رەسىملەر، مەسلەن، ناخشىچىلار، مۇزىكانتلار، هاراق بوتۇلكىلىرى،شەرئەتتە چەكلەنگەن جانلىقلارنىڭ رەسىملىرى، كىرست،بۇزۇق كۇلۇبلار ۋە ناشايان مۇئەسسەسەلەرنىڭ سىمۋوللىرى، ئىپپەت-نومۇسغا دەخلى تەرۇز يەتكۈزىدىغان ۋە كۆپىنچىسى ئەجنەبى تىللىرىدا يېزىلغان چىرىك خەتلەر.

## ئەر-ئاياللارنىڭ ئىنسان ياكى باشقا نەرسىگە مەنسۇپ چاچنى سىلىۋېلىشى

ئەسما بىنتى ئەبۇبەكرى ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ هوزۇرىغا بىر ئايال كېلىپ- يا رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ يېڭى توي قىلغان بىر قىزىم بار ئىدى. قىزىل كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ چېچى غىلتاڭلىشىپ قالدى، ئۇنىڭغا چاچ سالدۇرسام بولامدۇ؟- دەپ سورىغاندا پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم «ئاللاھ چاچ سالغۇچى ۋە سالدۇرغۇچىغا لەنەت قىلدى» دىگەن ئىدى. [مۇسلىم]

جابىر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ ئېيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئايال كىشىنىڭ بېشىغا بىر نەرسە ئۇلىۋېلىشىدىن توسقان ئىدى. [مۇسلىم]

دەۋرىمىزدە «ياسما چاچ» دەپ بىلىنگەن نەرسە ئۇنىڭ بىر مىسالى. يەنە زامانىمىزدىكى ھۆسىن تۈزەش زاللىرى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ناتوغرا بۆلۈملەر چاچ سالغۇچىلارنىڭ ماكانلىرىدۇر.

ساۋاپتىن نېسىۋىسى يوق، كىنو ۋە تىياتىرخانىلاردا رول ئالغۇچىلارنىڭ قىلغىنىدەك يالغان چاچنى سېلىۋېلىشمۇ ئېغىر گۇناھلارنىڭ بىر مىسالى.

## كىيىنىش، سۆزلەش ۋە شەكىلدە ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا، ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشىۋېلىشى

ئەرلەرنىڭ ئاللاھ ياراتقان ئەرلىك ئالاھىدىلىكىنى مۇھاپىزەت قىلىشى ۋە ئايالنىڭ ئاللاھ ياراتقان ئاياللىق خۇسۇسىيىتىنى مۇھاپىزەت قىلىشى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئۈچۈن بىكىتكەن تەبىئىي خاراكتېردۇر. ئۇ بولسا ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ بىردىن بىر نېگىزلىك ئامىللىرىدىن بىرى. ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا ئوخشىۋېلىشى ۋە ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشىۋېلىشى تەبىئىي خاراكتىرغا زىت بولۇپ، بۇزۇقچىلىق دەرۋازىسىنى ئاچىدۇ ۋە جەمئىيەتتە ۋەيرانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭ شەرىئەتتىكى ھۆكمى ئېغىر گۇناھتۇر. شەرئىي نەس (ئايەت ياكى ھەدىستىكى ئوچۇق ئىبارە)دە مەلۇم بىر ئىشنى ئىشلىگەن كىشى لەنەتلەنگەن بولسا دەل ئۇ بۇ ئىشنىڭ بەك يامان قىلمىش

ئىكەنلىكىنى ۋە گۇناھى كەبىرە (چوڭ گۇناھ) قاتارىدىن ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرفۇئ رەۋىشتە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «ئەرلەر ئىچىدىن ئاياللارغا ئوخشىۋالغۇچىلارغا ۋە ئاياللار ئىچىدىن ئەرلەرگە ئوخشىۋالغۇچىلارغا لەنەت قىلدى.» دېيىلگەن. [بۇخارى]

يەنە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرفۇئ رەۋىشتە رىۋايەت قىلىنىشچە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەرلەر ئىچىدىن قوش جىنىسلىقلارغا ۋە ئاياللار ئىچىدىن ئەركەكلىشىۋالغا-نلارغا لەنەت قىلغان. [بۇخارى]

ئوخشىۋېلىش بەزىدە ھەركەتلىرى، تۇرمۇش شەكىللىرى ۋە يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدا گەۋدىلىنىدۇ. مەسىلەن، جىسىملىرىدا ئايالغا ئۆزگىرىۋېلىش،(ئىستىنتىك ئوپىراتسىيە قىلدۇرۇش ئارقىلىق سۈنئى ئەمچەك ۋە جىنسى ئورگان بىكىتىۋېلىش، ئەرلىك ھورمۇننى ئالدۇرۋېتىپ ئاياللىق ھورمۇن سالدۇرۇش ئارقىلىق) ۋە سۆزلەش،يۈرۈشلىرىدە ئاياللارچە خۇلق پەيدا قىلىۋېلىشقا ئوخشاش.

شۇنىڭدەك ئوخشىۋېلىش كىيىنىشتىمۇ كۆرىنىدۇ. شۇڭا (ئەرلەر ئۈچۈن)بويىنغا زىننەت بويۇملىرى ئېسىۋېلىش، بىلەيزۈك تاقاش، خالخال سېلىش(پۇت بىلەيزۈكى) ،قۇلىقىغا مونچاق تاقاش قاتارلىقلار جائىز بولمايدۇ.

شۇنداقلا ئايالنىڭ ئەرگە خاس كۆينەك ياكى باشقا كىيىملىرىنى كىيىشى جائىز ئەمەس. ھەتتا كۆرۈنۈش شەكلىدە ئەردىن پەرقلىنىشى ۋاجىپ. ھەر ئىككى جىنىستىكىلەرنىڭ كىيىم-كېچەكلەردە بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولۇشى ۋاجىپلىقىنىڭ دەلىلى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرپۇئ رەۋىشتە رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىستە: «ئاللاھ ئايالدەك كىيىنگەن ئەرگە ۋە ئەردەك كىيىنگەن ئايالغا لەنەت قىلدى» دېيىلگەن. [ئەبۇ داۋۇد]

# چاچنى قارا بوياش

چاچنى قارا بوياش پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇ سۆزىدە ئاگاھلاندۇرۇپ تىلغا ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن ھارامدۇر. «ئاخىر زاماندا كەپتەرنىڭ پوكىنىدەك قارا بىلەن بويانغان قەۋم مەۋجۇد بولىدۇ. ئۇلار جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالمايدۇ. [ئەبۇ داۋۇد] بۇ (چاچ ساقاللىغا) ئاق سانجىلغان كىشىلەر ئارىسىدا ئەۋج ئالغان بىر قىلمىش بولۇپ، ئۇنى قارا بىلەن بوياپ رەڭگىنى ئۆزگەرتىدۇ. ئۇ قىلمىش ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتىش ۋە تەبىئى كۆرنىشتىن باشقا بىر ھالەتكە كەلتۈرۈۋېلىشتىن ئىبارەت خاتالىقلارغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ شەخسى ئەخلاقىغىمۇ يامان تەسرى بار. گاھىدا بىر خىل مەغرۇرلۇق كەيپىيات كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاق چاچنى خىنە ۋە شۆنىڭدەك تەركىبىدە سارغۇچ ياكى قىزىل ۋە ياكى جىگەر رەڭگە مايىللىقى بار نەرسە بىلەن بوياپ ئۆزگەرتكەنلىكى سەھىھ تۆردە رىۋايەت قىلىندى. ئەبۇ قۇدافە مەككە پەتھى بولغان كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كېلىنگەن ئىدى، ئۇنىڭ چاچ ساقىلى ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەن ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنى بىر نەرسە بىلەن ئۆزگەرتىڭلار! ئەمما قارىدىن ساقلىنىڭلار» دېدى. [مۇسلىم]

توغرا ھۆكۈم شۇكى، ئايالمۇ ئەر كىشىگە ئوخشاش چېچىنى قارا بىلەن بويىشى جائىز ئەمەس.

## كىيىم ـ كېچەك، تام ۋە قەغەز قاتارلىقلاردەك نەرسىلەرگە جانلىقنىڭ رەسىمنى سىزىش

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرفۇئ رەۋىشتە رىۋايەت قىلىندى. «قىيامەت كۈنى ئازاپ جەھەتتە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قاتتىقى رەسىم سىزغۇچىلاردۇر.» [بۇخارى]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرپۇئ رەۋىشتە رىۋايەت قىلىنىشچە، ئاللاھتائالا ئېيتتى: «مەن ياراتقاندەك يارىتىشقا دۇۋەيلىگەن كىشىدىنمۇ زالىمراق كىشى بارمۇ؟ ئۇلار داننى يارىتىپ

باقسۇن، زەررىنى يارىتىپ باقسۇن!» [بۇخارى]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرفۇئ رەۋىشتە رىۋايەت قىلىنىشچە: «ھەر رەسىم سىزغۇچى دوزاختا بولىدۇ، ئۇنىڭ سىزغان ھەر بىر رەسىمگە جان كىرگۈزىلىدۇ، ئاندىن جەھەننەمدە ئازاپلىنىدۇ» ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتتى، ئەگەر قىلمىساڭ بولمايدىغان بولسا دەرەخنىڭ ۋە جانسىز نەرسىنىڭ رەسىمىنى سىز. [مۇسلىم]

بۇ ھەدىسلەر، كۆلەڭگىسى بولسۇن ياكى بولمىسۇن بېسىلغان، سىزىلغان، ئويۇلغان، نەقىش قىلىنغان، قېلىپلار ئارقىلىق بويالغان ۋە شۇنىڭدەك ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن ئىشلەنگەن ئىنسان ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ رەسىملىرى گۇناھ ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. رەسىمنىڭ ئېغىر گۇناھلىقى توغرىسىدىكى ھەدىسلەر يۇقارقىلارنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مۇسۇلمان شەرىئەت بۇيرۇقلىرىغا قايىل بولىدۇ، «ئۇنىڭغا چوقۇنمايمەن، سەجدە قىلمايمەن» دەپ تىررىق چىقارمايدۇ. ئەقىل ئىگىسى ئاڭ ۋە تەپەككۇر كۆزى بىلەن دەۋرىمىزدىكى رەسىملەرنىڭ كەڭ تارقالغانلىقى تۈپەيلى مەيدانغا كەلگەن بىرلا بۇزۇقچىلىققا نەزەر سېلىپ باقسا، رەسىم سىزىشتىكى گۇناھنىڭ بىكىتىلگەن ۋاقتىدىكى شەرىئەتنىڭ سىرىنى تونۇپ يىتىدۇ. ئۇ بولسا ھىسياتنى قوزغاش، شەھۋانى، جىنسى تۇيغۇلارنى ئاستىن-ئۈستىن قىلىش، ھەتتا رەسىم تۈپەيلى زىنا ھارامغا چۈشۈشتىن ئىبارەت زور بۇزۇقچىلىق مەيدانغا

كېلىشكە سەۋەپ بولىدۇ.

پەرىشتىلەرنىڭ ئۆيگە كىرمەسلىكىگە سەۋەپ بولمىسۇن ئۈچۈن، مۇسۇلمان كىشى جانلىقلارنىڭ رەسىملىرىنى ئۆيدە ساقلىماسلىقى تەقەززا قىلىنىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئىت ۋە رەسىم بار ئۆيگە (رەھمەت) پەرىشتىلىرى كىرمەيدۇ.» [بۇخارى]

قىسمەن ئۆيلەردە كاپىرلارنىڭ مەبۇدلىرىغا مەنسۇپ ھەيكەللەر بولۇپ، «ئاسارە-ئەتىقە» (تارىخى ئەسەر)، زىننەت نامىدا قويۇپ قويۇلىدۇ. بۇنىڭ ئېغىر گۇناھلىقى باشقىلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ قاتتىق. شۇنداقلا ئېسىغلىق رەسىملەر ئېسىلمىغانلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ قاتتىق گۇناھ. نۇرغۇن رەسىملەر بار تازىم قىلىشقا ئېلىپ بارغان، كۆپلىگەن رەسىملەر بار بۇنىڭدىن قايغۇغا سالغان، ۋە يەنە بىرمۇنچە رەسىملەر باركى پەخىرلىنىشكە ئېلىپ بارىدۇ. «بۇ رەسىملەر ئەسلەش ئۈچۈن» دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ھەقىقى ئەسلەش مۇسۇلمانلاردىن بىر يېقىنىنى ياكى ئۆلۈق بىرىنى ياد ئېتىشتۇركى، ئۇنىڭغا مەغپىرەت ۋە رەھمەت ئۈچۈن دۇئا قىلىنىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق رەسىمنى سىرتقا چىقىرۋېتىش ياكى ئۆچۈرۋېتىش لازىم. لېكىن بۇنداق قىلىش قىيىن بولغان ۋە زور مۇشەققەت كەلتۈرىدىغان بولسا، مۇمكىن قەدەر ئۇنى يوق قىلىشقا تىرىشىش ۋە بەزىلىرىدىكى ئەخلاقسىز رەسىملەردىن ساقلىنىش بىلەن بىرگە ئىشلىتىپ تۇرۇشقا بولىدۇ. مەسلەن، كەڭ

ئومۇملىشىپ كەتكەن قاچا-قۇچىلار، لوغەتلەر، ئېنسىكلوپېدىيەلەر ۋە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىدىكى رەسىملەرگە ئوخشاش، شۇنداقلا سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىدىكىدەك ئېھتىياجلىق رەسىملەرنى ساقلاشقا بولىدۇ. بەزى ئەھلى ئىلىملەر، پۈتتا دەسسەپ تۇرىدىغان يەردىكىدەك پەستە قويۇلغان رەسىملەرگە رۇخسەت قىلدى. «تاقىتىڭلار يېتىشىچە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار» [تەغابۇن. 16]

# چۈش ھەققىدە يالغان ئېيتىش

بەزىلەر كىشىلەر ئارىسىدا شۆھرەت قازىنىش، داڭ چىقىرىش، ماددى مەنپەئەتكە ئېرىشىش، ئارىسىدا ئاداۋىتى بار كىشىلەرنى قورقۇتۇش ۋە باشقا سەۋەپلەر تۈپەيلى چۈش ئويدۇرۇش،ۋە تۇقۇپ چىقىشقا دېۋەيلەيدۇ. ئاممىۋى خەلقنىڭ كۆپىنچىسىدە چۈشكە قارىتا خاتا ئىجتىھادقا ئېسىلىۋېلىش ئىستىلى بولغاچقا، بۇنداق يالغانغا ئاسانلا ئالدىنىپ قالىدۇ. بۇ قىلمىشنى ئىشلىگەن كىشى توغرىسىدا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: «كىشىنىڭ ئۆز ئاتىسىدىن باشقىسىغا مەنسۇپلىقىنى داۋراڭ سېلىشى ياكى كۆرمىگەن نەرسىنى كۆزىگە كۆرسىتىشى ۋە رەسۇلۇللاھ(سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتمىغان سۆزنى ئۇنىڭغا يۈكلىشى ئەڭ يامان ساختىلىقتۇر.» [بۇخارى]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: «كۆرمىگەن چۈشنى كۆردۇم دىۋالغان كىشىگە ئىككى ئارپا ئارىسىنى چىگىش بۇيرۇلىدۇ، ۋە ھەرگىزمۇ قىلالمايدۇ.» [بۇخارى] ئىككى ئارپىنىڭ ئارىسىنى چىگىش ئىمكانىيەتسىز ئىش بولۇپ، ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ سۈپىتىدە بېرىلگەن بىر خىل جازادۇر.

## قەبرە ئۈستىدە ئولتۇرۇش، ئۇنىڭغا دەسسەش ۋە قەبرىستانلىقتا ھاجەت ئادا قىلىش

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقان ئىدى: «بىرىڭلارنىڭ چوغ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كىيىمىنىڭ كۆيىشى ئاندىن تىرىسىگە قەدەر يېتىپ بېرىشى قەبرە ئۈستىدە ئولتۇرغىنىدىن ياخشىدۇر.» [مۇسلىم]

قەبرىلەرگە دەسسەش مەسىلىسىگە كەلسەك، بىر قىسىم ئىنسانلار مېيىتنى دەپنە قىلغىنىدا (بەزىدە ئاياقلىرى بىلەن) باشقا ئۆلۈكلەرگە ھۆرمەت قىلماستىن خوشنا قەبرىلەرگە دەسسەشكە پەرۋا قىلمىغانلىقىنى كۆرىسىز. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «چوغ ياكى قىلىچ ئۈستىدە مېڭىشىم ياكى بولمىسا ئايىقىمنى پۈتۈم ئارقىلىق رىمونت قىلىشىم، بىر مۇسۇلماننىڭ قەبرىسى ئۈستىدە مېڭىشىمدىن

تولىمۇ يېقىملىقتۇر. [ئىبنى ماجە] قەبرىستانلىقتا ئىگە بولۇۋېلىپ ئۈستىگە تىجارەت ياكى ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئۆي سالغان كىشىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟

قەبرىستانلىقلاردا ھاجەت ئادا قىلىشنى بولسا بەزى ئاخىرەتتىن نىسۋىسى يوق ئىنسانلار شۇنداق قىلىدۇ. ھاجىتى قىستىغاندا قەبرىنى دالدا قىلىپ ياكى ئىچىگە كىرىپ پاسكىنىلىقى ۋە گەندىسى بىلەن ئۆلۈكلەرنى ئازارلايدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن ئىدى: «قەبرىنىڭ ئوتتۇرسىدا ھاجەت ئادا قىلىشىم بىلەن بازارنىڭ ئوتتۇرىدا ھاجەت ئادا قىلىشىمنىڭ پەرقى يوق.» [ئەتتەخرىجۇ سابىق] قەبرىدە ھاجەت ئادا قىلىشنىڭ قەبىھلىكى بازاردا كىشىلەر ئالدىدا ئەۋرەتنى ئېچىش ۋە ھاجەتنى ئادا قىلىشتەك قەبىھ ئىشتۇر. قەبرىستانلىقتا ئەخلەت ۋە تاشلاندۇق نەرسىلەرنى تۆكىدىغان كىشىلەرنىڭ مەزكۇر ئاگاھلاندۇرۇشتىن ھەسسىسى بار. قەبرىلەرنىڭ ئارىسىدا ماڭغاندا ئاياق پىتىنكىلەرنى سېلىۋېتىش، قەبرىلەرنى زىيارەت قىلغان ۋاقىتتىكى تەلەپ قىلىنىدىغان ئەدەپلەردىندۇر.

## سۆيدۈكتىن پاكىزلانماسلىق

شەرىئەتنىڭ ئىنساننى ئىسلاھ قىلىدىغان تۈزۈملىرىنى ئېلىپ كەلگەنلىكى بۇ شەرىئەت (ئىسلام دىنى)نىڭ گۈزەللىكلىرىدىندۇر.

مەينەتلىكنى يوقۇتۇشمۇ بۇ قاتاردىندۇر. شۆڭلاشقىمۇ ئىستىنجا ۋە ئىستىجمار (سۇ ۋە تاش ئارقىلىق ئېرىقداش) بىكىتىلگەن ۋە قانداق پاكىزلىنىش شەكلى بايان قىلىنغان.

بەزى كىشلەر كىيمى ياكى بەدىنى پاسكىنىلىششقا سەۋەپ بولىدىغان ۋە نەتىجىدە نامىزى دۇرۇس بولماسلىقىقا ئېلىپ بارىدىغان مەينەتلىكنى پاكىزلاشقا سەل قارايدۇ. ھالبۇكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈنى قەبرە ئازابىنىڭ سەۋەپلىرىدىن بىرى دەپ ئۇقتۇرغان ئىدى. ئىبنى ئاباباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىدىكى بىر تامنىڭ يېنىدىن ئۆتىۋېتىپ، قەبرىلىرىدە ئازاپلىنىۋاتقان ئىككى ئادەمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ مۇنداق دىگەن ئىدى: «ئۇ ئىككەيلەن ئازاپلىنىۋاتىدۇ، چوڭ بىر ئىش تۈپەيلى ئەمەس دەپ بۇلۇپ، كەيىندىن ئېيتتى، ھە راست! (باشقا بىر رىۋايەتتە ھەقىقەتەن چوڭ بىر ئىش) ئۇ ئىككيلەننىڭ بىرى سۈيدىكىدىن پاكىزلانمايتتى. يەنە بىرى بولسا چېقىمچىلىق قىلاتتى. [بۇخارى] ھەتتا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قەبرە ئازابىنىڭ كۆپىنچىسى سۈيدۈك سەۋەبىدىن» دەپ خەۋەر بەرگەن. [ئىمام ئەھمەد]

سۈيدۈكتىن پاكىزلانماسلىق ھۆكمى، سۈيدۈكى توختىماستىن بۇرۇن تىزلا ھاجىتىدىن تۇرۇپ كىتىدىغان ياكى سۈيدۈكى ئۆزىگە يېنىپ كىلىدىغان ئېگىز يەرگە قارىتىپ سىيىدىغان ۋە ياكى ئىستىنجا،

ئىستىجمارنى تەرك ئېتىدىغان، سەل قارايدىغان كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دەۋرىمىزدە بەزى ھاجەتخانىلار كاپىرلارنىڭكىگە ئوخشىشىشتاھەددىدىن ئېشىپ تامغا ئورنىتىلغان ھاجەت ئادا قىلىش ئورۇنلىرى بېكىتىلدى. ئۇ ئاشكارا بولۇپ، كىشى ئۇنىڭ يېنىغا كىلىپ ھايا قىلماستىن كىرگەن چىققانلار ئالدىدا سىيىدۇ. ئۇندىن كىيىن كىيمىنى يۆلەپ مەينەت ئۆستىگە كىيىدۇ. بۇنىڭ بىلە ئىككى تۆرلۆك قەبىھ گۇناھ ئىشنى جەم قىلغان بولىدۇ. بىرىنچىسى ئەۋرىتىنى كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن يۆگىمىدى. ئىككىنچىسى سۆيدىكىدىن پاكىزلانمىدى.

## قەۋم ياقتۇرمىغان ھالدا ئۇلارنىڭ سۆزىنى بىر تىڭشاش

ئاللاھتائالا ئېيتتى: «(مۆئمىنلەرنىڭ ئەيىپىنى) ئىزدىمەڭلار... [ھوجۇرات. 12] ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرفۇئ رەۋىشتە رىۋايەت قىلىنىشچە: «كىمكى بىر قەۋم ياقتۇرمىغان ھالدا ئۇلارنىڭ سۆزىنى تىڭشىسا، قىيامەت كۆنى ئىككى قۇلىقىغا سىماپ تۆكىلىدۇ.» [تىبرانى] ئۇلارغا زىيان يەتكۆزۆش ئۆچۆن تۇيدۇرماستىن گەپ توشىسا، ئەيىپ ئىزدەش جىنايىتىگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ سۆزىدىكى يەنە باشقا (سۇخەنچىلىك) گۇناھىنىمۇ قوشۇۋالىدۇ. «سۇخەنچى جەننەتكە كىرمەيدۇ.» [بۇخارى]

# خۇلۇم ـ خوشنىغا يامانلىق قىلىش

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلا بىزگە كىتابى قۇرئان-كەرىمدە، خۇلۇم-خوشنا توغرىسىدا تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا-ئاناڭلارغا، خىش-ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن خوشنىغا، يىراق خوشنىغا، ياندىكى ھەمراھقا (يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا) مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار. شۈبھىسىزكى ئاللاھ مۇتەكەببىر، ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ.» [نىسا. 36]

خوشنىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىش ھارام ئىشلار قاتارىدىن. چۈنكى ئۇنىڭ زور ھەققى بار. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرفۇئ رەۋىشتە رىۋايەت قىلىنىشچە: «ئاللاھ بىلەن قەسەم، مۆئمىن بولالمايدۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەم، مۆئمىن بولالمايدۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەم، مۆئمىن بولالمايدۇ، - كىم يا رەسۇلۇللاھ؟ دەپ سورالغاندا: - خوشنىسى ئۇنىڭ قورقۇنچىسىدىن ئەمىن بولالمايدىغان كىشى». — دىدى. [بۇخارى]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خوشنىنىڭ خوشنىنى مەدھىيلىشى ۋە ئەيىپلىشىنى ئۇنىڭ ياخشى يامانلىقىنىڭ ئۆلچىمى

**قىلغان. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشچە، بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، يا رەسۇلۇللاھ! ياخشى ياكى يامانلىق قىلغانلىقىمنى قانداق بىلىمەن؟- دېگەندە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «خۇلۇم-خوشنىلىرىڭنىڭ ياخشى قىلغانلىقىڭنى ئېيتقىنىنى ئاڭلىغان بولساڭ ياخشى قىلغان بولدۇڭ، ئەگەر يامانلىق قىلغانلىقىڭنى ئېيتقىنىنى ئاڭلىغان بولساڭ يامان قىلغان بولدۇڭ.» [ئىمام ئەھمەد]**

**خوشنىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىش كۆپ خىل شەكىلدە بۇلۇپ جۇملىدىن، ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئارىدىكى تامغا ياغاچ تىكلەپ قويۇش، ئۇنىڭدىن رۇخسەتسىز ھالدا ئۇ يەرگە ئىگىز بىنا سېلىۋېلىش، قۇياش نۇرى ياكى ھاۋانى توسىۋېلىش، ئۆينىڭ ئۇدۇلىغا دەرىزە ئېچىش ياكى خارابىگە ئايلاندۇرۇش، كىشىنى بىئارام قىلىدىغان ئاياق بىلەن (يەرگە) ئۇرۇش، ۋارقىراشتەك ئاۋازلار بىلەن، بولۇپمۇ ئۇخلاش ۋە دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا ئازار بېرىش، باللىرىنى ئۇرۇش، بوسۇغىسى يېنىغا ئەخلەت تاشلاپ قويۇش.**

**خاتالىق خۇلۇم-خوشنىغا قارشى ئىشلەنگەندە ئېغىر بولىدۇ ۋە گۇناھى قاتمۇ-قات كۆپىيدۇ. مەسلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقان ئىدى: «خوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشقا نىسبەتەن باشقا ئون ئايال بىلەن زىنا قىلىش (گۇناھى) يېنىكرەك... خوشنىسىنىڭ ئۆيىدىن ئوغۇرلۇق قىلىشقا نىسبەتەن باشقا ئون ئۆيدىن**

ئوغۇرلۇق قىلىش (گۇناھى) يىنىكرەك.» [بۇخارى]  بەزى خائىنلار خوشنىسىنىڭ يوقلىقىدىن پايدىلىنىپ كىچىدە ئۆيىگە قەست قىلىدۇ ۋە ئەخلاقسىزلىق قىلىش ئۈچۈن كىرىدۇ. ئېچىنىشلىق كۈن (قىيامەت)نىڭ ئازابىدىن ۋاي ئىسىت ئۇنىڭغا!

## ۋەسىيەت قىلىشتا ئادالەتسىزلىك قىلىش

ئۆزگىگە زىيان سالماسلىق ۋە ئۆزىمۇ زىيانغا ئۇچرىماسلىق شەرىئەتنىڭ توپ پىرىنسىپلىرىدىن بىرى. جۈملىدىن شەرئىي ۋارىسلىرىغا ياكى ئۇلارنىڭ ئېچىدىن قىسمەنلىرىگە زىيان سېلىشمۇ ئۇنىڭ بىر تىپىك مىسالى. بۇنداق قىلغان كىشىگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ سۆزى ئارقىلىق تەنبىھ بېرىلگەن: «كىمكى زىيانغا سالسا، ئاللاھ ئۇنى زىيانغا سالىدۇ، كىمكى جەبرۇ-جاپا قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەبرۇ-جاپا قىلىدۇ.»  [ئىمام ئەھمەد]

ۋەسىيەتتە زىيان سېلىشنىڭ شەكىللىرىدىن بىرى بولسا، ۋارىسلاردىن بىرىنى شەرئى ھەققىدىن مەھرۇم قىلىش ياكى ۋارىسقا شەرىئەت بەلگىلىگەن ئۇسۇلغا زىت شەكىلدە ۋەسىيەت قىلىش ۋە ياكى ئۈچتىن بىرىدىن ئارتۇقراقىنى ۋەسىيەت قىلىش.

كىشىلەر شەرئى مەھكىمە ھۆكمىگە قۇلاق سالمايدىغان رايونلاردا ھەق ئىگىسى (يەنى ۋارىس) شەرىئەت ھۆكمىگە زىت ھۆكۈم

كېسىدىغان ۋە ئادۋۇكات يېنىدا پۈتۈكلىك ئادالەتسىز ۋەسىيەتنامىنى كۆچكە ئىگە قىلىدىغان بەشەرى مەھكىمىلەر تەرىپىدىن كېسىلگەن ھۆكۈم بويىچە ھەققىنى ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ پۈتكەن خەتلىرىگە ۋە قىلغان ئىشلىرىغا ۋاي!

## قارىت ئويناش

خەلق ئارىسىدا تاراپ كەتكەن ۋە ئوينىلىۋاتقان ئويۇنلارنىڭ كۆپۈنچىسى گۇناھلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جۈملىدىن بىلاردو ۋە باشقا ئويۇنلارغا كىرىشكە ھەركەتلەندۈرۈپ قۇترىتقۇلۇق رولىنى ئوينايدىغان قارتمۇ ئۇلارنىڭ بىر خىلى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىمارنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئاچىدىغان بۇ قەرتتىن پەخەس بولۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دىگەن ئىدى: «كىمكى قەرت ئوينىسا گويا قولىنى چوشقىنىڭ گۆشى ۋە قېنىغا مىلىغاندەك بولىدۇ» [مۇسلىم] يەنە ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرفۇئ رەۋىشتە رىۋايەت قىلىنىشچە، «كىمكى قەرت ئوينىسا چوقۇمكى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسيلىق قىلغان بولىدۇ.» [ئىمام ئەھمەد]

# مۆئمىننى ۋە باشقا قارغاشقا مۇناسىپ بولمايدىغانلارنى قارغاش

كۆپلىگەن كىشىلەر ئاچچىقى كەلگەندە تىلىنى كونترول قىلالماي قارغاشقا باشلايدۇ. ئىنسان، ھايۋانات، جانسىز نەرسىلەر، كۈنلەر ۋە سائەتلەرنى قارغايدۇ. ھەتتا بەزىدە ئۆزلىرىنى ۋە ئەۋلادلىرىنى قارغايدۇ. ئېرى ئايالىنى، ئايالى ئېرىنى قارغايدۇ. بۇ تولىمۇ خەتەرلىك يامان ئىشتۇر. ئەبۇ زەيد سابىت بىننى زەھھاك ئەلئەنسارىدىن مەرفۇئ رەۋىشتە رىۋايەت قىلىنىشچە: «كىمكى مۆئمىننى قارغىسا ئۇنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاشتۇر» [بۇخارى]

قارغاش ئاياللاردا كۆپ سادىر بولىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قارغاشنى ئاياللارنىڭ دوزاخقا كىرىشىدىكى سەۋەپلەردىن بىرى دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. شۇنداقلا قارغىغۇچىلار قىيامەت كۈنىدە شاپائەتچى بولالمايدۇ. ئۇنىڭدىنمۇ بەتەررەك يېرى شۇكى، قارغاش ھەقسىز ھالدا ئېلىپ بېرىلغان بولسا ئۆزىگە يانىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۇزاقلىشىشى، تاشلىنىشى ئۈچۈن ئۆزىگە ئۆزى بەد دۇئا قىلغان بولىدۇ.

# (ئۆلۈكنىڭ ئارقىسىدىن) چالۋاقاپ چوقان كۆتۈرۈش

ئاياللارنىڭ چالۋاقاپ ئۈنلۈك يىغا زار قىلىشى، يۈزىنى كاچاتلىشىدىن ئىبارەت قىلمىشلىرى ناتوغرا قىلىقلار قاتارىدىندۇر. شۇنداقلا كىيىم-كېچەكنى يىرتىش، چېچىنى چۇشۇرۇش ياكى چېگىش، كېسىش خاتادۇر. بۇنىڭ ھەممىسى قازاغا رازى بولمىغانلىق ۋە مۇسىبەتكە سەبرە قىلمىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنداق قىلغانلارنى لەنەتلىگەن ئىدى. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «يۈزىنى تاتىلىغۇچى، ياقىسىنى يىرتقۇچى ۋە ھالاكەت ئۆلۈمنى تىلىگۈچىگە لەنەت قىلغان»لىقى رىۋايەت قىلىنغان. [ئىبنى ماجە]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقان ئىدى: « يىغا زار قىلغۇچى ئايال ۋاپاتىدىن بۇرۇن تەۋبە قىلمىسا قىيامەت كۈنى ئۈستى بېشىدا قەتراندىن كۆينەك ۋە قوتۇردىن دۇبۇلغا بولغان ھالدا قوپىدۇ.» [مۇسلىم]

# يۈزگە ئۆرۈش ۋە بەلگە قويۇش

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «يۈزگە ئۆرۈش ۋە يۈزگە بەلگە قويۇش»تىن چەكلىگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. [مۇسلىم]

يۈزگە ئۆرۈش ئىشقا كەلسەك، نۇرغۇنلىغان ئاتىلار، ئوقۇتقۇچىلار بالىلارنى ئەدەپلەشتە ئالقىنى ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن يۈزگە ئۆرۈشقا تەمشىلىدۇ. شۇنىڭدەك بەزى كىشىلەر خىزمەتچىلىرىگە شۇنداق قىلىدۇ. بۇ قىلمىش ئاللاھ ئۇلۇغ قىلغان يۈزنى خورلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭدىكى موھىم ھىسسى ئەزالارنى ھالاك قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئاندىن پۇشايمان قىلىش، قىساس تەلەپ قىلىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ.

يۈزگە بەلگە قويۇش، مەلۇم ھايۋاننى ئىگىسى تونىيالىسۇن، يوقاپ كەتسە تاپالىسۇن ئۈچۈن قويۇلغان بىرخىل بەلگە بولۇپ،بۇئىش گۇناھتۇر. سەتلەشتۈرگەنلىك ۋە ئازاپلىغانلىقتۇر. گەرچە بەزى كىشىلەر ئۇنى قەبىلىسىنىڭ سىمۋولى ۋە بەلگىسى دەپ باھانە كۆرسەتسىمۇ يۈزدىن باشقا يەرگە بەلگە قويۇشقا مۇمكىن بولىدىغۇ؟

# شەرئى بىر سەۋەپ يوق تۇرۇپ مۇسۇلماننى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىۋېتىش

مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يىراقلىشىشنى پەيدا قىلىش شەيتاننىڭ يوللىرى قاتارىدىن. شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشكەنلەر كۆپ بولۇپ، يوللۇق سەۋەپ يوق تۇرۇپ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنى تاشلىۋېتىدۇ. سەۋەبى ماددى نىزا ياكى قىممەتسىز مەنسەپتۇر. يىراقلىشىش ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملىشىدۇ. گاھى ھېچ گەپلەشمەسلىككە قەسەم قىلىدۇ. ئۆيگە كىرمەسلىككە نەزىر قىلىدۇ. يولدا كۆرگىنىدە باشقا ياققا قارىۋالىدۇ. بىر سۆھبەتتە ئۇچراشسا ئالدى كەينىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەيدۇ، بۇ بولسا ئىسلام جەمىيىتىدىكى ھالسىراشنىڭ سەۋەپلىرىدىن بىرى. شۈبھىلاشقا شەرئىيەت ھۆكمى بۇ ھەقتە جىددى بولۇپ قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بار. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرفۇئ رەۋىشتە رىۋايەت قىلىنىشچە: «مۇسۇلمانغا قېرىندىشىنى ئۈچ كۈندىن يۇقىرى تاشلىۋېتىش توغرا ئەمەس. كىمكى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىۋېتىپ ئۆلۈپ كەتسە دوزاخقا كىرىدۇ» [ئەبۇ داۋۇد]

ئەبى خىراشىل ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرفۇئ رەۋىشتە رىۋايەت قىلىنىشچە: «كىمكى قېرىندىشىنى بىر يىل تاشلىۋەتسە ئۇنىڭ قېنىنى تۆككەندەك بولىدۇ.» [بۇخارى]

مۇسۇلمانلار ئوتتۇرسىدىكى يىراقلىشىش (تاشلىۋىتىش) تۈپەيلى ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىدىن مەھرۇم قېلىش يىتەرلىك بولىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرفۇئ رەۋىشتە رىۋايەت قىلىنىشچە: «ھەر جۈمە، دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى ئىنسانلارنىڭ ئەمەللىرى (ئاللاھقا) سۇنۇلىدۇ. ئاندىن قېرىندىشى بىلەن ئوتتۇرسىدا ئاداۋىتى بار بەندىدىن باشقا ھەرقانداق مۆئمىن ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىنىپ ئېيتىلىدۇ، - بۇ ئىككىيلەن (گۇناھىدىن) قايتقۇچە قويۇپ قويۇڭلار» [مۇسلىم]

دۈشمەنلىشىپ قالغان ئىككىيلەندىن كىمكى تەۋبە قىلسا ھەمراھىغا بېرىپ سالام قىلىشى لازىم. ئۇ شۇنداق قىلغان بولسىمۇ ھەمراھى باش تارتسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەت ئادا بولغان بولىدۇ. گۇناھ ئۇنىمىغان كىشى ئۈستىدە قالىدۇ.

ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرفۇئ رەۋىشتە رىۋايەت قىلىنىشچە: «كىشىنىڭ قېرىندىشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىۋىتىشى توغرا ئەمەس، ئىككىسى ئۈچرىشىدۇ، ئاندىن بۇ يۈز ئۆرىيدۇ ۋە ئۇ يۈز ئۆرىيدۇ. ئەڭ ئاۋال سالام بەرگىنى ئۇ ئىككىيلەنىنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.» [بۇخارى]

بىراق، نامازنى تەرك ئېتىش ياكى زىنا - پاھىشىلىككە داۋاملىشىشتەك شەرئى سەۋەپ تېپىلغاندا، تاشلىۋىتىشنىڭ گۇناھكارغا پايدىسى بولىدىغان، توغرا يولغا قايتۇرىدىغان ياكى خاتالىقىنى ھىس

قىلدۇرىدىغان بولسا تاشلاش ۋاجىپ بولىدۇ. ئەمما گۇناھكارغا پەقەت يۈز ئۆرۈشنى ئارتتۇرىدىغان، گۇناھتا ئەۋزەيلەش، ھەددىدىن ئېشىش، گەدەنكەشلىك ۋە نەپرەتنى كۆپەيتىدىغان بولسا بۇ چاغدا تاشلىۋېتىش ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى بۇ ئارقىلىق شەرئى مەنپەئەت ۋۇجۇتقا چىقماستىن بەلكى پاسات كۆپىيىدۇ. شۇڭا ئەڭ توغرىسى ياخشىلىق قىلىشتا داۋاملىشىش، نەسىھەت قىلىش ۋە تەربىيە ئىشلەشتۇر. مەسلەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شەرئى مەنپەئەت ھىس قىلىپ، كەئەب ئىبنى مالىك ۋە ئىككى ھەمرىيىنى تەرىك ئەتكەنلىكى، ۋە تەرىك ئەتمەسلىك ياخشىراق دەپ قارىغاندا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي بىن سەلۇل ۋە قالغان مۇناپىقلارنى تەرىك ئەتمىگەنلىكى بىر مىسالدۇر.

ئاخىردا يۇقارقىلار ئەۋج ئېلىپ كەتكەن ئېغىر گۇناھ ئىشلار تۇغرىسىدا (تىزىملىكىنى)رەتلەش ئىمكانىيىتى بولغانلىرىدۇر. ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلادىن گۈزەل ئىسملىرى ئارقىلىق شۇنى تىلەيمىز: بىزنى گۇناھ مەئسىيەتلەر بىلەن ئارىمىزدا توسالغۇ بولىدىغان ئەيمىنىشتىن ھەسسدار قىلغاي، گۇناھىمىزنى كەچۈرۈپ،ئىشىمىز-دىكى ھەددىدىن ئېشىپ كىتىشنى ئەپۇ قىلغاي. ھالال ئارقىلىق ھارامدىن ۋە ئۆز پەزلى بىلەن ئۆزىدىن باشقىدىن بىھاجەت قىلغاي. تەۋبىمىزنى مەقبۇل قىلغاي. گۇناھىمىزنى ئەپۇ قىلغاي. چوقۇمكى ئۇ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، دۇئانى ئىجابەت قىلغۇچىدۇر. ئۇممىي پەيغەمبەر مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىلە

تاۋابىئاتلىرى ۋە بارلىق ساھابىلىرىگە مەغپىرەت ۋە ئامانلىق تىلەيمەن. پۈتكۈل ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنى مەدھىيەلەيمەن.

مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەمراھى نەۋۋاس بىن سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئاللاھ توغرا يولنى ئوخشىتىش ئارقىلىق بايان قىلدى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئىشكلىرى ئوچۇق ئىككى قەلئە بار، ئىشكلىرىگە پەردە ئورنىتىلغان بولۇپ، يول ئۈستىدە بىر جاكارچى توۋلاپ تۇرىدۇ: ئى خالايىق! ھەممىڭلار بۇ يولدا مېڭىڭلار! قىڭغىر كەتمەڭلار! يول ئۈستىدە يەنە بىر جاكارچى تۇرغان بولۇپ: سىلەردىن كىمدە كىم ئۇ ئىشكلەردىن بىرىنى ئاچماقچى بولسا، ۋاي ئىست، ئۇنى ئاچما، ئېچىپ سالغان تەقدىردە ئۇنىڭغا كىرىپ كىتىسەن - دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. ھېلىقى يول ئىسلام دىنى، پەردىلەر ئاللاھنىڭ چېگىرلىرى، ئوچۇق ئىشكلەر ئاللاھنىڭ چەكلىملىرى ۋە يول ئۈستىدىكى جاكارچى ئاللاھنىڭ كىتابى، ئۈستى تەرەپتىكى جاكارچى ئاللاھنىڭ نەسىھەتچىسى بولۇپ، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ قەلبىدە ئۇنى ئەسلىتىدۇ. [ئىمام ئەھمەد]